# ئىسلام خىزمەت پرىنسىپى

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بۈگۈنكى ئىسلامىيەت ساھەسىدە ئىسلامىي خىزمەتنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىگە بولغان چۈشەنچە ۋە پىكىر جەھەتتە خىلمۇ - خىل ئېقىم ۋە شەكىللەر مەۋجۇد. ھالبۇكى بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ بەزىسى ساغلام ۋە مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى كۆپلىگەن خاتالىق ۋە نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس.

ئىسلامىي خىزمەت ساھەسىنى نۇرغۇنلىغان خاتا يۆنىلىشلەردىن ساقلاپ قېلىش ۋە نۇرغۇنلىغان گۇمانلىق پىرقىلەردىن ساپلاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەمدە زور بىر تۈركۈم ئىسلامىي كۈچلەرنىڭ ئالۋۇندەك قۇرۇق خىيال ۋە قۇرۇق شوئارلار ئارقىسىدا زايە بولۇپ كېتىشىنىڭ، قىسقىسى ئىسلامىي خىزمەت ساھەسىنىڭ ئالدىنقىلاردىن ساۋاق ئالمايدىغان تەجرىبىچىلەرنىڭ تەجرىبە سورۇنىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنى ئۆلچەپ بېكىتىدىغان بىر تارازىنى تۇرغۇزۇش، يەنى ئەڭ ئىشەنچلىك، روشەن ۋە مۇقىم بولغان قائىدە ۋە تەرتىپلەر ئاساسىدا ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى تۈزۈپ چىقىش ھەقىقەتەنمۇ بۈگۈنكى جىددىي زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

شۇڭا مېنىڭ بۇ ئاددىي ئەمگىكىم ھەرقايىسى ئورۇنلاردا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۆز يۆنىلىشلىرىنى توغرىلىۋېلىشلىرى، ماڭغان قەدەملىرىنى تەكشۈرۈپ تۈزۈشلىرى، ھەمدە ھەرىكەتلەرنى توغرا يول ۋە ساغلام يۆنىلىشكە ئىگە قىلىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىسلامىي خىزمەتنىڭ روشەن ئاساسقا ئىگە، مۇقىم بولغان ھەرىكەت قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتى ئۈچۈن قوشقان ئەرزىمەس تۆھپەمدۇر.

شۈبھىسىزكى الله مۆئمىنلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر

فەتھى يەكۈن 1981 - يىلى

# مۇھاكىمە ماۋزۇلىرى

- ئىسلامى خىزمەتنى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقى
- ئىسلامى ھەرىكەتنى ئەتراپلىق ـ مۇكەممەل ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقى
- ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇۋازىنەتنىڭ ۋاجىپلىقى
- ئىسلام ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىپلىقى
- ئىسلام ھەرىكىتىدىكى جىھاد تەربىيىسىنىڭ ۋاجىپلىقى
- ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك تەربىيىسىنىڭ ۋاجىپلىقى
- ئايرىم مۇھاكىمىلەر ـ

ـ تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى

ـ تەنقىد ۋە ئۇنىڭ شەرئى ئاساسلىرى

ـ تەشكىلىي يېغىلىشلارنى قانداق ئىدارە قىلىمىز

ـ ھەر كۈنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرى

## بىرىنچى مۇھاكىمە ـ
## ئىسلامى خىزمەتنى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقى

ئىسلامى ھەرىكەت ساھەسىدە بازارغا سېلىنىۋاتقان شوئارلارنىڭ بىرى: ‹‹ئىسلام ھەرىكتى تەشكىللەشنىڭ زۆرۈرىيتى يوق ،ئۇيۇشۇش ئاساسىدىكى تەشكىللىك ھەرىكەتنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى يوق ،پەقەت ئىسلامىي ھەرىكەتنى (لائىلاھە ئىللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ)دېگەن بايراق رامكىسى ئىچىدە بىر چوڭ ئىسلامىي جىھاد دولقۇنىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش دەپ كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە ئىزاھلاش كېرەك .››دېگەن شۇئاردۇر .

ئەگەر بىز بۇ شوئارنى نوقۇل شەكىلدە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق ،بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارغا تۆۋەندىكى ئىككى يەكۈننىڭ بىرىنى چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

1 ـ ئۇلار ئىسلامنى مەيلى ئومۇمىي مەنىدىن ،مەيلى كونكرېت مەنىدىن ھەقىقى چۈشەنمەيدۇ .

2 ـ ئۇلار ئومۇمىي تەرەپتىن ياكى مەلۇم تەرەپتىن ئىسلامنىڭ سۇيقەستچىلىرىدۇر .

ئەمما ئۇلارنىڭ (لائىلاھە ئىللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ) رامكىسى ئىچىدە ئىسلامىي جىھاد دولقۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا كەلسەك بۇ تەشكىللىك ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى باسىدىغان باشقا بىر يولنى ئوتتۇرىغا قويغانلىق بولماستىن ،بەلكى ئاشۇ تەشكىللىك ئىسلامىي ھەرىكەتسىز ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدىغان نىشاننى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتۇر خالاس .

### تەشكىلسىزلىك ـ تەرتىپسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس

شۈبھىسىزكى ،ئىسلامىي ھەرىكتى تەشكىللەش پىكرىنى رەت قىلغان

كىشىلەر بەئەينى ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ تەرتىپسىزلىكى ۋە قالايمىقانچىلىقىغا دەۋەت قىلغان ۋە ئۈندىگەن كىشىلەردۇر.ھالبۇكى تەرتىپسىزلىك ھېچقاچان ئىسلامنىڭ بىر پرىنسىپى ،ياكى ئىسلام شۇئارلىرىدىن بىر شوئار بولۇپ باققان ئەمەس.ئۇ پەقەت سولچىل ھەرىكەت شوئارلىرىدىن بىر شوئاردۇر.بەلكى ئۇ **40** ـ ۋە **50** ـ يىللىرى كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن چەكتىن ئاشقان سولچىل گۇرۇھلاردىن بىر گۇرۇھنىڭ نامىدۇر.

(مارتىن دودچ نىڭ «مەزھەپگىنى تونۇۋال» دېگەن كىتابنىڭ «تەرتىپسىزلىك» دېگەن بابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ)

## ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەشنى رەت قىلىش ـ پىلانلاشنى رەت قىلىپ ئىستىخىيلىكنى ئاساس قىلغانلىقتۇر

يەنە كېلىپ ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەش پىكرىنى ئىنكار قىلىشقا چاقىرغانلىق ـ پىلان تاكتىكا پرىنسىپىنى ئىنكار قىلىشقا ئەگىشىپ پىلانسىزلىققا چاقىرغانلىقتۇر.مانا بۇ ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە سۇيىقەستچىلىرى كۆز تىككۈاتقان مۇسۇلمانلاردىكى ئەڭ ئەجەللىك مەغلۇبىيەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

## ئىنتىزامسىزلىق ۋە پىلانسىزلىق ئاجىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس

ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەش پىكرىنى رەت قىلىشقا چاقىرغانلىق ـ تەبىئىيكى مۇسۇلمانلاردىكى ئاجىزلىق ھالىتىنىڭ داۋاملىششىغا چاقىرغانلىقتۇر.چۈنكى كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت تەشكىللى ئىنتىزامنىڭ نەتىجىسى بولغانكى ،ھېچقاچان ئىنتىزامسىزلىقنىڭ نەتىجىسى بولغان ئەمەس! .پىلانلاشنىڭ نەتىجىسى بولغانكى ، ھېچقاچان پىلانسىزلىقنىڭ نەتىجىسى بولغان ئەمەس! .بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

## ئىنتىزامسىزلىق ۋە پىلانسىزلىق ـ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا زىت ئەھۋالدۇر

شۈبھىسىزكى،ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەش پىكرىنى رەت قىلىشقا چاقىرغانلىق ـ تەبىئىيكى مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ كۆپ پارچىلىنىش،يىمرىلىش ۋە ئىختىلاپلارغا ئىتتىرگەنلىكتۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىسلام

ھەربىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شەرىئەتنىڭ مۇھىم تەلىپى بولۇپ،بۇ ئىككىسىنى تەشكىللىسىز ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.بىرلىك تەشكىللىنىشنىڭ سەمەرىسى بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئىنتىزامسىزلىقنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ.بىرلىك ـ تەشكىللىي پىلانلاشنىڭ نەتىجىسى بولغانكى ھەرگىزمۇ پىلانسىزلىقنىڭ نەتىجىسى بولغان ئەمەس.

## ئىنتىزامسىزلىق بىلەن پىلانسىزلىق كائىنات قانۇنىيەتلىرىگە زىتتۇر

ھەقىقەتەنمۇ كائىناتتىكى ھەممە نەرسە الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ناھايىتى ئىنچىكە ئىنتىزاملارغا باغلانغان.ئاسمان بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان يۇلتۇزلار ۋە پىلانىتلاردىن تارتىپ كىچە ـ كۈندۈزنىڭ ۋە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشىغا قەدەر، ئىنسان ۋە ھايۋانلاردىكى جۈپلىشىش ۋە نەسىل قالدۇرۇشتىن تارتىپ،ئىنسان جىسمىدىكى ئاجايىپ مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە بولغان ئورگانىزملارنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ جەريانىغا قەدەر،كائىنات،ئىنسان ۋە ھاياتلىقتىكى ئىلاھى قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ ئىنچىكە ئىنتىزاملارغا باغلانغان بولۇپ، بۇ ئىنتىزاملارنىڭ ئازراقلا قالايمىقان بولىشى شۇ شەيئىلەرنىڭ خىزمىتى،رولى ۋە ۋەزىپىلىرىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشى،ھەتتا شۇ شەيئىلەرنى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىشى ئېنىقتۇر.**«شۈبھىسىزكى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا،كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرىشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار.»**(سۈرە ئالى ئىمران**190** ـ ئايەت)

**«كۈن بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەير قىلىدۇ.بۇ غالىب ،ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر.ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يىتىپ بارغاندا)خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.كۈننىڭ ئايغا يىتىشىۋېلىشى(يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى) كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى(يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس.ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ.»**(سۈرە ياسىن**38** ـ **40** ـ ئايەتلەر)

## ئىنتىزام بىلەن پىلان ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاساسىدۇر

تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلمىغان ھەرقانداق پائالىيەت قانچىلىك ئاددىي ۋە كىچىك ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تاماملىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

تەشكىلىي ئاساسى بولغان ئازغىنە كۈچنىڭ ئاجايىپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقانلىقىنى ھەرۋاقىت كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.ئەمما نۇرغۇن كۈچ ۋە ئاكتىپ ئامىللار تەشكىلسىزلىك نەتىجىسىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.ياكى زايە بولۇپ كېتىدۇ.

ئادەتتە ئۆي سېلىش،ياكى دۇكان ئېچىش،ياكى دېھقانچىلىق قىلىش،ياكى مەكتەپ سېلىش ۋەياكى دوختۇرخانا سېلىشقا ئوخشاش ئاددىي ئىشلارمۇ ئەلۋەتتە تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە پىلاندىن ئايرىلالمايدۇ.(مەسىلەن:ئالدى بىلەن خەرىتە سىزىش، كېتەرلىك چىقىمنى ئالدىن ھېسابلاپ كۆرۈش،ھەربىر كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بەلگىلەش،ئىجرا قىلىدىغانلار بىلەن نازارەت قىلىدىغانلارنى ۋە ماتېرىيال سېتىۋالىدىغانلارنى تاللاش.... قاتارلىقلارغا ئوخشاش.)شۇنچىلىك ئاددىي ئىشلاردا تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە تەشكىللەش شۇنچە زۆرۈر بولغان ئىكەن،ئۇنداقتا ئىنتايىن كۆپ تەرەپ ۋە ساھەلەرگە چېتىلىدىغان. ئاجايىپ زور نىشانلارنى مەقسەت قىلغان ۋە دۇنياۋى سۈيقەستلەر ئىچىدە تۇرىۋاتقان ئىسلام ھەرىكىتى تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە تەشكىللەشكە موھتاج بولمامدۇ؟!.....

## تەشكىل ـ ئىنتىزام ئىسلامىي مەنھەجنىڭ ئاساسىدۇر

ئىسلامىي يولنىڭ ئۆزىلا ئىنتىزام،تەشكىل،مۇكەممەللىك ۋە تەرتىپ ئاساسىغا ئورنىتىلغان. شۇنداق ئىكەن ئىسلامىي مەنھەجگە بولغان چاقىرىق ئىسلامى مەنھەج ئاساسىدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتى،ئىسلامىي مەنھەجگە ئىمان كەلتۈرگەن جەمئىيەت بەرپا قىلىش ھەرىكىتى ۋە ئىسلام قانۇنىنى قانۇن قىلغان ئىلاھىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تەرتىپ ـ ئىنتىزامسىز،تەشكىلىي پىلانسىز ئېلىپ بېرىشنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟!.....

ھەقىقەتەنمۇ،ئىسلامدىكى ناماز،روزا،زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ قائىدىسى بولسا ھەممە تەرەپتىن ئىنچىكە قائىدە ۋە كەسكىن ئىنتىزاملار ئاساسىغا ئورنىتىلغان.

ئىسلامدىكى نىكاھ قانۇنى ـ مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلارنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇن ـ قاتارلىق ئىجتىمائىي نىزاملارنىڭ ھەممىسى مۇقىم ۋە مۇئەييەن ئىنتىزاملار بىلەن مەزمۇنلانغان.

ئەنە شۇنىڭدەك ئىسلامىي مەنھەج تەشكىل قىلغان باشقا بارلىق نىزاملارنىڭ ھەممىسى ئىنچىكە قائىدە ۋە ئىنتىزاملار ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان.

## تەشكىل ـ ئىنتىزام قۇرئان كەرىم تەلىماتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسىدۇر

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس قوللانمىسى ،الله نىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن ھۆججىتى بولغان قۇرئانى كەرىم ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ئاشكارا ۋە ئىشارە يولى بىلەن تەشكىلىي ـ ئىنتىزامنى تۈتقۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىقنى تەكىتلەيدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ھۆكمىنى قوبۇل قىلىدىغان بىر رەھبەرلىكىنىڭ بولىشىنى تەلەپ قىلىپ ،الله مۇنداق دەيدۇ:**‹‹ئى مۆئمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلەردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.››**(سۈرە نىسا **58** ـ ئايەت)

ھالبۇكى رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشنىڭ كۈچلۈك تەشكىلاتچانلىقنى خاس ئىشلار ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان روشەن ھەقىقەتتۇر.

الله مۆئمىنلەر قوشۇنى بىلەن ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى سۈپەتلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:**‹‹الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر كامىل مۆئمىنلەردۇر.ئۇلار(مۇسۇلمانلارغا ئورتاق)بىر ئىش ئۈستىدە(مەسلىھەتلىشىش) ئۈچۈن پەيغەمبەر بىلەن جەم بولغان چاغلىرىدا پەيغەمبەردىن ئىجازەت سورىمىغىچە كېتىپ قالمايدۇ.سەندىن ئىجازەت سورايدىغانلار الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەردۇر.بەزى شەخسى ئىش ئۈچۈن ئۇلار سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن.ئۇلارغا سەن الله دىن مەغپىرەت تىلىگىن.الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ،ناھايىتى مېھرىباندۇر.››** (سۈرە نۇر **62** ـ ئايەت)

الله قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجىل ـ ئىناقلىقى ،بولۇپمۇ دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۆز ـ ئارا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كىتىدىغانلىقنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **‹‹شۈبھىسىزكى ،الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى(يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى)ياخشى كۆرىدۇ.››**(سۈرە سەپ **4** ـ ئايەت)ئېنىقكى مۇستەھكەم بىنادەك سەپ پەقەت تەشكىلىي ـ ئىنتىزام ۋە رەھبەرلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەنە شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمنىڭ مەيلى تەلىمات خاراكتېرىدىكى ئايەتلىرىدە بولمىسۇن ،مەيلى قانۇن خاراكتېرىدىكى ئايەتلىرىدە بولمىسۇن ،تەشكىلى ـ ئىنتىزامنىڭ ئەھمىيتىنى ۋە الله نىڭ كىتابىدىكى ئورنىنى تەكىتلەپ كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

## تەشكىلىي ـ ئىنتىزام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىدىكى ئاساسلىق ئىپادىدۇر

پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى ۋە يېتەكچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەشكىللەش ۋە ئىنتىزامغا ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقانداق بىر جامائەتتىن ياكى مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدىكى كىشىلەردىن ـ ئەقەللىيسى ئۈچ ئادەم بولغاندىمۇ ـ ئۆز ئارىسىدا بىر ئەمىرنىڭ ياكى رەھبەرنىڭ بولىشىنى ئاشكارا تەلەپ قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ تەشكىلىي ـ ئىنتىزامغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئاشكارا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:‹‹سىلەر ئۈچ ئادەم بولساڭلار،بىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا باش قىلىڭلار.›› (تىبرانى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر ئەمىرگە ياكى قوماندانغا باغلاشقا بولغان بۇ ھېرىسمەنلىكى ئەمىلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ مەيلى تىنچلىق مەزگىلىدە،مەيلى ئۇرۇش مەزگىلىدە،مەيلى تىجارەت،مەيلى سەپەردە،مەيلى كىچىك ئىشلاردا ۋە مەيلى چوڭ ئىشلاردا بولسۇن،ھەممە ئىشلىرىنىڭ تەشكىللىك ۋە ئىنتىزاملىق بولۇشىغا بولغان تەلەپ ۋە ھېرىسمەنلىكتۇر.

كوللىكتىپ ئىچىدە مەلۇم بىرىگە تاللاش ۋە بەلگىلەش ھوقۇقى بىرىلمىسە ئۇنداقتا ھەرىكەت يۆلىنىشى كۆپ بولغان ئەھۋالدا ھەرىكەت يۆلىنىشىنى قانداقمۇ كەسكىن بەلگىلىگى بولسۇن؟!.....

ئەگەر مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدىكى كىشىلەر ئىچىدە قوشۇن ۋە رەھبەر،ئىتائەت ۋە ئىنتىزام بولمىسا ئۇنداقتا ھەر بىر ئادەمنىڭ خىزمەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى كىم بەلگىلەپ بېرىدۇ؟.ئىشلارغا كىم تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىدۇ؟!. ئاددى ئىشلاردىكى ئەھۋال شۇنداق بولسا،ئۇنداقتا ئىشلار زورۇيۇپ، تۇرى ۋە دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەندىچۇ؟!..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەھبەرلىك شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولسىلا كىمنىڭ رەھبەر بولىشىدىن قەتئىنەزەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش،ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن پەيغەمبەرگە خاس بولغان يوليورۇقنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:‹‹سىلەرگە بېشى گويا قۇرۇق ئۈزۈمدەك كۆرۈمسىز بولغان ھەبەشستانلىق بىر قارا قۇل باشلىق قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت

قىلىڭلار.››(بۇخارى رىۋايىتى)

مۇسۇلمانلار ئۆز رەھبىرىگە ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ۋە خاھىشلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ئىشلاردىلا ئىتائەت قىلىپ،بۇنىڭدىن چوڭ خاتالىق،يامانلىق ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ساڭا قىيىن بولغان ۋە ئاسان بولغان،سەن خالىغان ۋە خالىمىغان ۋە سېنىڭ شەخسى مەنپەئەتىڭگە زىت بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە رەھبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەك.›› (مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئىچىدە پىتنە يۈز بېرىش ۋە ئىچكى سەپنىڭ پارچىلىنىشى تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىپ،دۈشمەنلەرنىڭ جۈرئەتلىك بولۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:‹‹كىمكى ئىتائەتتىن باش تارتىدىكەن،قىيامەتتە الله قا ھۆججەتسىز ھالدا ئۇچرىشىدۇ.يەنى قىيامەت كۈنى الله نىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلايدىغان ھېچقانداق ئاساس تاپالمايدۇ.كىمكى بەيئەتسىز ھالدا ئۆلۈپ كەتسە،ئۇ جاھىلىيەت (يەنى كۇفرى)ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.››(مۇسلىم رىۋايىتى)

ئەجىبا يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ھەركىتى تەشكىللەشنىڭ شەرئى پاكىتلىرى،پىرىنسىپلىرى ۋە ئاساسلىرى ئەمەسمۇ؟!.....

## تەشكىلىي ـ ئىنتىزام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەيلى مەككىدە،مەيلى مەدىنىدە،مەيلى مەككىنىڭ سىرتىدا،مەيلى تەربىيە جەريانىدا بولسۇن، مەيلى دەۋەتنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا بولسۇن،مەيلى ئۇرۇش جەريانىدا ۋە مەيلى باشقا جەريانلاردا بولسۇن تەشكىلىي ئىنتىزامغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان.ھەممە پائالىيەتلىرىدە تەشكىلىي ئىنتىزامغا كۈچلۈك ئەھمىيەت بەرگەن......

بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىلىكلەردىن ئون ئىككى ئادەمدىن بەيئەت ئالغان.ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ:‹‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان بۇ كىشىلەر قايتماقچى بولۇشقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىش، ئىسلامدىن تەلىم بېرىش ۋە ئۇلارغا دىنى ئەھكاملارنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسئەب مەدىنىدە ‹‹ئوقۇتقۇچى›› دەپ ئاتالدى.››

ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوشۇرۇن ھالدا ، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ۋە ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ساھابىلىرىگىمۇ تۇيدۇرماستىن ، مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن يەتمىش ئۈچ ئەر ۋە ئىككى نەپەر ئايالدىن بەيئەت ئالغان . بەيئەتتىن كيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:‹‹ سىلەر ماڭا ئون ئىككى ۋەكىلنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار . ئۇلار ئۆز قەۋمىگە مەسئۇل بولسۇن .››دېگەن .ئۇلار ئۆز ئارىلىرىدىن ئون ئىككى كىشىنى باشلىق سايلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن .ئۇلارنىڭ توققۇزى خەزرەج قەبىلىسىدىن ،ئۈچى ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت ئەمەلىيىتىدىن بىز ئۆگىنىشكە ،مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ، شۇنداقلا ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەش مەنتىقىسىنى رەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دەۋالىرىنى بەربات قىلىدىغان تەشكىللەش ۋە پىلانلاشقا ئائىت كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ:

**1** ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنى ئۆز كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ قويۇشى ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتە مەككىدىن چىقىپ سۈر غارىغا بېرىۋېلىشى .

**2** ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چوقۇم مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ ،دەپ بىلگەن مۇشرىكلارنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن مەدىنە يولىغا قارىشى يۆنىلىشكە جايلاشقان سۈر غارىنى تاللىشى .

**3** ـ ئابدۇللا ئىبنى ئەبى بەكرىنى مەككىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىچە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا مەسئۇل قىلىشى .

**4** ـ ئەسما بىنتى ئەبى بەكرىنى ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل قىلىشى .

**5** ـ مۇشرىكلارنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇش ھەمدە غارغا كىلىپ كەتكەن ئىزلاردىن ئۆز ئورنىنىڭ بايقىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامىر ئىبنى پەھىرەنى ئەتتىگەن ـ كەچتە قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ ئىزلارنى ئۆچۈرۈشكە ھەمدە قوي سۈتى بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل قىلىشى .

ھەممىدىن خەۋەردار ۋە ھەممىنى بىلىدىغان زات اللەنىڭ ۋەھيىسىنى ھەر ۋاقىت تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەچچە ئونلىغان ھادىسىلەر ئىچىدىكى ئاشۇ بىر ھادىسىدە قوللانغان بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ۋە تەشكىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى شۇنچە كۆپ بولغان بولسا ،ئۇنداقتا ۋەھيي كەلمەيدىغان ،ئىشلار

تېخىمۇ قىينىلاشقان ،دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سۈيقەستلىرى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن بۈگۈنكى كۈنده ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى كۆرەلمەيدىغان ،مۇسۇلمانلارنى تەشكىللىك ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە قارشى چىقىشقا چاقىرىۋاتقان ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن تەلىم ئالمايدىغان ئاشۇ بۇزغۇنچىلارنى نېمە دېيىش كېرەك؟ .ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى كۆرەلەيدىغان كۆزلىرى ، ھەقىقەتنى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟! .

## ئىسلامنىڭ بۈيۈك نىشانلىرى ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەشنىڭ پەرزلىكىنى بەلگىلەيدۇ

ئۇنىڭ ئۈستىگە الله نازىل قىلغان قۇرئانى كەرىمنى قانۇن قىلىدىغان ئىسلام دۆلىتى مەۋجۇت بولمىغان شارائىتتىكى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ نىشانى مەۋجۇت رېئاللىقنى ئىسلام ئارقىلىق ئۆزگەرتىش بولىدۇكى ،ھەرگىزمۇ رېئاللىق بىلەن ماسلىشىپ بېرىدىغان ۋە رېئاللىقنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەت بولمايدۇ .

جاھىلىيەت رېئاللىقنى ئىسلام رېئاللىقىغا ئۆزگەرتىش ـ يەنى جاھىلىيەتنىڭ پىكىرلىرىنى ،دۇنيا قاراشلىرىنى ،قانۇن ـ نىزاملىرىنى ،ھەرىكەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئىسلامغا ئۆزگەرتىش ئەمەلىيتى ـ تەشكىللەش ،ئىنتىزام ،پىلان ۋە تەدبىرسىز ئەسلا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئەمەلىيەتتۇر .ئۇ ھەرگىزمۇ مەسجىدلەردىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن ، يېغىلىشلاردىكى قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ .بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك .يەنى ئىسلامىي ئۆزگەرتىشكە چوڭقۇر ئىشىنىدىغان ،ئىسلامى ئۆزگەرتىشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرىدىغان پىداكار كىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك .

ئۆزگەرتىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى ،پروگراممىلىرىنى ،پىلانلىرىنى ۋە يوللىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك .شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈر ۋاستىلىرىنى ،سەۋەبلىرىنى ،ئادەم ئامىلى ،ماددىي ئامىل ۋە مەنىۋى ئامىل قاتارلىق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بارلىق ۋاستىلەرنى تەل قىلىش كېرەك .

شۈبھىسىزكى ، بۇ تەلەپلەرنى ۋە باشقا تەلەپلەرنى تەشكىلسىز تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس .تەشكىلسىزلىك بولسا ئىسلام ھەرىكىتىنى قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ساقاپەت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھالبۇكى بۇنداق قۇرۇق ھەرىكەتلەر بىر مەزگىل كىشىلەرنىڭ قىسمەن شىرىن خىياللىرىنى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلىيالىسىمۇ ،

ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك غايىب بولىدۇ.كىشىلەر ھاياتىدا ھېچقانداق ئىز ۋە نەتىجە قالدۇرالمايدۇ.

## ئىسلامغا قارىتىلغان خىرىسنىڭ زورلۇقى ئىسلامى ھەرىكىتىنى تەشكىللەشنى پەرز قىلىدۇ

يۇقىرىدىكى ئامىللارغا ئىسلامغا يەرلىك دۈشمەنلەر ۋە خەلقئارادىكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ھۇجۇم ۋە خىرىسلارنىڭ زورلۇقىنى قوشىدىغان بولساق،ئىسلامى ھەرىكەتنى تەشكىلىي ئىنتىزام ئىچىدە ئېلىپ بېرىش شەرىئەتتە ۋاجىپ بولمىغان تەقدىردىمۇ زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن ۋاجىپقا ئايلىنىدۇ.
دېمەك ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى قانچە ئۇنلىغان تەشكىلاتلىرى،ھەرىكەتلىرى ۋە فىرونتلىرى ئارقىلىق ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا سۇيىقەست قىلىۋاتىدۇ.ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى سان ۋە تۈر جەھەتتىن بىھىساپ بولغان ماددىي كۈچ ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى دۇنياۋى نۇقتىدىن،دۇنياۋى ھەربىي بىرلىك نۇقتىسىدىن ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.سۇيىقەست قىلىۋاتىدۇ ۋە پىلان تۈزۈۋاتىدۇ.
ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشتا مەيلى پىلانلاش ۋە مەيلى پىلاننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ھازىرقى زامان تېخنىكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ.
ئەھۋال شۇنداق ئىكەن،ئىسلامىي قارشىلىق ۋە ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ئاجىز، تەشكىلسىز ۋە پىلانسىز بولىشىنى ئەقىلغا سىغدۇرغىلى بولامدۇ؟.
ئەمدى بۇيەردە مۇھىم بىر سوئال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:
ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دېگەن شوئارنىڭ مەقسىتى زادى نېمە ؟.بۇ شوئاردىن پايدا ئالغۇچىلار كىم؟ ،زىيان تارتقۇچىلار كىملەر؟!......
بىز بۇھەقتىكى سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام ھەققىدە يولسىزلىق بىلەن گەپ توقۇغۇچىلارغا تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنى تەۋسىيە قىلىمىز:
1ـ ئۇلار ئىسلامغا دەۋەت قىلمەن،ئىسلام ھەققىدە گەپ قىلمەن دېيىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئىسلامنى ھەقىقى چۈشەنسۇن!.
2ـ ئۇلار ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن سۆز قىلىشتىن الله تىن

قورقسۇن!. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ھەرۋاقىت ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىسۇن: ‹‹سىلەردىن بىرىڭلار پەرۋاسىزلىق بىلەن(يەنى ئويلانماستىن)بىر سۆزنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇنى يەتمىش يىل دوزاخقا مەھكۇم قىلىدۇ.››

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋەساھابىلىرىگە الله نىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن.

# ئىككىنچى مۇھاكىمە ـ ئىسلامي ھەرىكەتنى ئەتراپلىق ـ مۇكەممەل ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقى

ئىسلامي ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنىڭ بىرى ئىسلامي ئۆزگەرتىش تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ، الله نىڭ قانۇنىنى تەتبىق قىلىدىغان ئىسلام دۆلىتى مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر،ئىسلامي ھەرىكەتنىڭ ئەتراپلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك بولىشىنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئىسلامي ھەرىكەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ مەۋجۇد بولىشىغا يول قويماسلىقتۇر.

ئەمما ئىسلامي ئۆزگەرتىش نىشانى تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ،ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىسلامي ھەرىكەتتىكى مەلۇم تەرەپلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ يەنە مەلۇم تەرەپلەرگە بولغان ئەھمىيەتنى بوشتىشقا بولىشى مۇمكىن.

### ئىسلام ھەرىكىتىنى ئەتراپلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىشنىڭ مەنىسى

ئىسلامي ھەرىكەتنى ئەتراپلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىش دېگەنلىك ـ مەيلى ئىسلامي ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا بولسۇن،مەيلى جاھىلىيەت رېئاللىقىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش جەريانىدا بولسۇن،ئىسلامي ھەرىكەتنىڭ ھەممە تەرىپىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش ۋە ھەممە تەرەپتىن تەڭ تەييارلىق كۆرۈش دېگەنلىكتۇر.يەنى ئىسلامى ھەرىكەت ئىسلامي خىزمەتلەرنىڭ مەلۇم تەرىپى ياكى قىسمەن تەرىپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى، ئەگەر ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە

تېگىشلىك تەرەپلەر بار دەپ قارالسا ،بۇ تەرەپلەر ئەتراپلىق ،ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ خەرىتىسى ئىچىدىكى ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەككى ،ھەرگىزمۇ باشقا ئىسلامىي خىزمەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىك كېرەك .

شۇنداق بولغاندىلا ئەتراپلىق ،ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ئىسلام ھەرىكىتى رامكىسى ئىچىدە ئىسلامىي خىزمەت تۈرلىرىنى تەلەپ قىلىنغان نىشان ۋە كۆزلىگەن غايە ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك دېگىنىمىز: ئىسلامىي خىزمەتلەر ئىچىدە مەلۇم بىر تەرەپلەر بىلەنلا چەكلىنىپ ،ئۇنىڭدىن باشقا خىزمەتلەرگە سەل قارايدىغان ،شۇنىڭغىلا ئىشىنىپ باشقا تەرەپلەرنى ئىنكار قىلىدىغان،پەقەت شۇنىلا ئىسلامىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارايدىغان بىنورمال خاھىشلاردۇر .

مەسىلەن:ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ بىرى(روھى ۋە ئەخلاقى تەربىيە )نى الله بەلگىلىگەن بىردىنبىر مەسئۇلىيەت ،دەۋەت ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى دەپ قاراپ باشقا ئىجتىمائىي ياكى ھەرىكەت ، ياكى سىياسىي ۋەياكى جىھاد تەرەپلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتۇر .شۇنىڭ بىلەن ئەسلى بۈيۈك نىشانىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ تەربىيە خىزمىتىنىڭ جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر تەركىبى قىسمىغا ، جاھىلىيەت جەمئىيىتى ئوقنى مەركەز قىلغان بىر پائالىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدۇر .

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەرنىڭ بىرى( ئىسلامىي پىكىر ئىسلامىي چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ،ئىسلامىي ساقاپەتنى ئومۇملاشتۇرۇش) نى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە مەۋجۇدىيەت ئاساسى دەپ قاراپ ، پۈتۈن خىزمەت ۋە پائالىيەتلەرنى شۇنىڭغىلا مەركەزلەشتۈرۈشتۇر . بۇ ۋاستىنى نىشانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .بۇ پەقەت جەمئىيەتتىكى پىكىر ئېقىملىرىدىن بىر ئېقىمغا ئايلىنىپ قالىدۇ ،خالاس .شۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتىش ئىمكانىيەتلىرىدىن ئېغىز ئېچىش ئۈياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا ئۆزگەرتىشنىڭ ئاۋانگارت كۈچلىرىمۇ ئاشۇ پىكرى دولقۇنلار ئىچىدە ئۆز مەۋجۇدلىقىنى يوقىتىدۇ .

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەرنىڭ بىرى(ھەربىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈش) ياكى(سىياسىي پائالىيەت )نى ۋە ياكى ئىسلامىي خىزمەتلەر ئىچىدىن مەلۇم بىر تەرەپنى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئاساس ،ھەتتا بىردىنبىر يول دەپ قاراشتۇر .شۇنىڭ بىلەن قىسمەنلىك ئومۇمىيلىقنى بېسىپ كېتىدۇ .بەلكى قىسمەنلىك ئومۇمىيلىقنىڭ ئورنىنى

ئالىدۇ.بۇ ھالدا ئىشلار قالايمىقانلىشىپ، ئىسلامىي ئۆزگەرتىش مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرلىشى مۇمكىن بولغان زور ئىمكانىيەتلەر زايە بولۇپ كېتىدۇ.

**ئىسلامىي مەنھەجنىڭ ئەتراپلىق ۋە ئومۇمىيلىقى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي بولىشىنى تەلەپ قىلىدۇ**

ئىسلامىي مەنھەجنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئۇ ئەتراپلىق ۋە ئومۇمىي بولۇپ، ئىنسانىيەت ئېھتىياجلىرىنىڭ ھەممىگە چېتىلىدىغان بارلىق تۈزۈلمىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

مەسىلەن:ئىسلامدىكى ئىبادەت نىزامى ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ،ئۇ روھى جەھەتتىكى تەربىيەنىڭ يولى ھېسابلىنىدۇ. ھەمدە شەخسلەرنى ۋە جەمئىيەتنى تۈرلۈك ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىقلاردىن ساقلاپ قالالايدۇ.....

ئىسلامدىكى ئىقتىسادى نىزام بولسا ئادالەت تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلغان، مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق ۋە ئېكىسپولاتسىيەگە يول قويۇلمايدىغان ساغلام بولغان بىر ئىقتىسادى ھاياتنىڭ قائىدە ـ ئۇسۇللىرىنى ۋە ئەندىزىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ......

ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي نىزام بولسا ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنى شەخسى مەنپەئەتلەر ئاساسىغا، ياكى ماددىي قىممەتلەر ئاساسىغا ۋە ياكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىغا ئەمەس،بەلكى ئېتىقاد ۋە ئەخلاق ئاساسىغا قۇرۇپ چىقىدۇ.....

ئىسلامدىكى سىياسىي نىزام بولسا دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئاپپاراتلىرىنىڭ ساغلام بولغان ئاساسىنى يارىتىپ بەرگەن بولۇپ،ئۇنىڭدا پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى،دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئالاقىلىرى ۋە باشقا تەرەپلەر ئېنىق بەلگىلەنگەن.....

ئىسلامدىكى ئەسكىرى نىزام بولسا ھەربىي ھاياتنىڭ،ئۇرۇش ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا تەلەپ قىلىنىدىغان مۇھىم ئېھتىياجلارنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شۈبھىسىزكى،ئىسلامى مەنھەج ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلامى ئەقىدىنى ۋە ئىسلامنىڭ كائىنات قارىشى،ئىنسان قارىشى ۋە ھايات قارىشىنى ئاساس قىلغان بۇ نىزاملار ۋە باشقا نىزاملارنىڭ ھەممىسى ئىسلامى مەنھەجدىكى مۇشۇ ئوخشىمىغان نىزاملارنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە مۇشۇ تەرەپلەرگە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن بىر ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەشنى

پەرز قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

## ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ زىيانلىرى

ھەقىقەتەنمۇ ئىسلامنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە تەسىر كۈچى ئىسلامغا بىر پۈتۈن دەۋەت قىلىشقا، ئىسلامغا بىر پۈتۈن ئەمەل قىلىشقا ۋە ئىسلامنى بىر پۈتۈن تەتبىقلاشقا باغلانغان. ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ بىر پۈتۈن گەۋدە پارچىلانغان ـ ئىسلامنىڭ مەلۇم تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا تەرەپلىرىگە سەل قارالغاندا ئىسلام ئۆزىنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكىنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ۋە تەسىرىنى يوقىتىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانلارنىڭ بىرى ئىسلامى ئوبرازنىڭ خۇنۇكلاشتۇرۇلىشىدۇر. چۈنكى ئەتراپلىق بولمىغان پروگراممىا ۋە مەلۇم ئىشلار بىلەنلا چەكلەنگەن كۆز قاراش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئىسلامى ئوبراز تەبىئىيكى ئەسلى گۈزەللىكىنى يوقاتقان خۇنۇك ئوبرازدۇر.

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانلارنىڭ يەنە بىرى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىسلام سۈرىتىنى سەتلەشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئىسلامدىن قاچۇرۇش ۋە يىراقلاشتۇرۇشتۇر.

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانلارنىڭ يەنە بىرى توغرا يولدا ئىشقا سېلىنسا ئىسلامىي ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشى مۇمكىن بولغان ئىسلامىي كۈچلەرنى، ئاكتىپ ئامىللارنى پارچىلىۋېتىدۇ ۋە زايە قىلىۋېتىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانلارنىڭ يەنە بىرى بولسا ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولىشىدەك مەرەزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەرقايسى ئورۇندا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار ئارىسىدا كۆپلىگەن جامائەتلەرنى، گۇرۇھلارنى ۋە گۇرۇھۋازلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ئىسلامى خىزمەتلەرنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ باشقا تەرەپلەرگە سەل قاراشتىن ئىبارەت ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك بولسا الله ئەتراپلىق، ئومۇميۈزلۈك بولىشىنى ئىرادە قىلغان، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ئومۇميۈزلۈك دەۋەت قىلىش ۋە ئومۇميۈزلۈك تەتبىقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ تاللىغان ئىسلامغا يەنى الله نىڭ شەرىئىتىگە قىلىنغان تۆھمەتتۇر ۋە قەبىھ جىنايەتتۇر. الله

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:‹‹**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم.سىلەرگە نېئمىتىمنى تولۇق قىلىپ بەردىم.ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشىغا تاللىدىم.**››(سۈرە مائىدە **3** ـ ئايەت)

مانا قۇرئان كەرىم بەنى ئىسرائىلىنىڭ بۇ قىلمىشىنى قاتتىق قامچىلايدۇ ۋە ئەيىبلەيدۇ:‹‹**سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ،بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتى دۇنيادا خارلىققا قېلىش،قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر.**››(سۈرە بەقەرە **85** ـ ئايەت)

ھەقىقەتەنمۇ ئىسلامنىڭ مەلۇم تەرىپىنى تۇتۇپ،مەلۇم تەرىپىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش يولى ئارقىلىق ئىسلامنى پارچىلاش قىلمىشى بولسا ھەممە دېتاللىرى مۇكەممەل بولغان ماشىنىنى ياكى بىر ئۈسكۈنىنى پارچىلىغانغا ئوخشاشتۇر.ماشىنىنى پارچىلىۋەتكەندە، ياكى مەلۇم بىر دېتالنى ئېلىۋەتكەندە ئۇ ماشىنا ياكى ئۈسكۈنە كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى ئېنىقتۇر.

ئىنسان جىسمىدىن ئاجرىتىۋېلىپ ھاياتلىق مەنبەسىدىن ئايرىلغان قولنىڭ ياكى پۇتنىڭ ياكى قۇلاقنىڭ ۋەياكى باشقا ئەزالارنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟!...

مەلۇم بىر سائەتنىڭ ياكى ماشىنىنىڭ بىر دېتالى ياكى ئېلمىنتى ئۆز جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا ئۇنداقتا ئۇنىڭ نېمە قىممىتى ۋە نېمە رولى بولسۇن؟!.

ئۇنداقتا ئىسلام ھەرىكىتى قۇرۇلۇشىدا ئۆزىگە تەۋە بولغان ئورۇن ۋە ھەجىمگە ئىگە بولالمىغان سىياسىي ھەرىكەتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟!....

ئىسلامدىكى مۇشۇ ئالاھىدە تولۇق بولغان بىر ۋەزىيەت يارىتىش ۋە ئىسلامى ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتى گەۋدىسىدىكى باشقا تەرەپلەر بىلەن بىرلىشەلمىگەن ۋە ياندىشالمىغان بۇ خىزمەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە قىممىتى ھامان ۋاقىتلىق بولۇپ،پىكرى،روھى ۋە ھېسسىي ئاپەتلەر ئالدىدا زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ.

الله نىڭ قانۇنى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىسلام دۆلىتى مەۋجۇد بولمىغان بۈگۈنكى كۈندىكى پۈتۈن ئىسلامى ھەرىكەتلەر ۋە ئىسلامى خىزمەتلەرنىڭ غايىسى ئاشۇ ئىسلام دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش ۋە تەييارلىق قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولىشى لازىم.

شۈبھىسىزكى،ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ پارچىلىرى ـ پىكرى،تەلىم ـ تەربىيە، سىياسىي ھەرىكەت، ئەسكىرى ۋە باشقا خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ـ زېمىندا الله نىڭ ھاكىمىيىتىنى

مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىرلا نىشانغا باغلانغان بولىشى لازىم .ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ خىزمەتلەر جاھىلىيەت رېئاللىقىنى ۋە جاھىلىيەتنىڭ ئۇخشىمىغان مەۋجۇد ھالەتلىرىنى مەركەز قىلغان پائالىيەتلەر بولۇپ قالىدۇ .بەلكى جاھىلىيەت فولكلورلىرىنىڭ بىر تەركىبى قىسمىغىلا ئايلىنىپ قالىدۇ خالاس .

## خىرىس ۋە ھۇجۇمنىڭ ئومۇميۈزلۈكى قارشى تۇرۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك بولىشىنى تەلەپ قىلىدۇ

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ھەرتەرەپلىمە ۋە ئومۇمىي بولىشى شەرئى جەھەتتىن ۋاجىپ بولغىنىغا ئوخشاشلا ، زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىنمۇ ۋاجىپتۇر.بەلكى جاھىلىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە ۋە ئومۇميۈزلۈك بولغان خىرىس ۋە ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكتۇر.چۈنكى بۈگۈنكى ئىسلامىيەت يەر يۈزىدە ھەممە تەرەپتىن خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ . . . . . .

ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىش پىلانلىرى ئىچىدە پىكرى ۋە تەربىيە ـ مائارىپ جەھەتتىن ئىسلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىدە نۇرغۇن ئاپپاراتلار ۋە تەشكىلاتلار قۇرۇلۇۋاتىدۇ .نۇرغۇنلىغان پىلان ،پروگراممىلار ۋە يازما ئەسەرلەر تۈزۈلۈۋاتىدۇ .

سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئىسلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جەھەتتە نۇرغۇنلىغان پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.ھالبۇكى بۇلارنى كۆپلىگەن دۆلەتلەر ۋە ھەربىي ئىتتىپاقلار ئىقتىساد ۋە قورال بىلەن يۆلەۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ مەقسىتى پۈتۈن ئىسلامىيەت دائىرىسىدە سىياسىي نوپۇز ۋە قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ،ئىسلامنى كۈرەش مەيدانىدىن چېكىندۈرۈش (ئىسلامنى كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش )ۋە ئىسلامى يۈزلىنىشنى بىر بۇلۇڭغا قاپساپ قويۇشتۇر .

ئىسلام دەۋەتچىلىرىنى تازىلاش ۋە تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش يولى بىلەن ئىسلامنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئەمىلى سۈيقەسىت جەھەتتە كۆپلىگەن ھۇجۇملار تەشكىللىنىۋاتىدۇ ۋە ئالاھىدە مەشقلەندۈرۈلگەن ، ئىلغار قوراللار سەپلەنگەن ، كۆڭۈللىرى ئىسلامغا تەۋە ھەممە نەرسىگە ـ ئەقەللىيسى ئىسلامغا ئازراق ئالاقىسى بار ھەممە نەرسىگە ئۆچمەنلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن ھەربىي قىسملار ۋە تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلتۈرلىۋاتىدۇ .

ھەقىقەتەنمۇ ،ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ھەممە تەرەپتىن تۈرلۈك ھەرىكەت ۋە

پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىسلامىيەتنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگىچە سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار،ئىشچىلار، مائارىپ، تەشۋىقات،ياشلار،ئاياللار ۋە باشقا تەرەپلەرگىچىلىك.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن،ئىسلام دائىرىسىدىكى قارشىلىق ۋە تاقابىل تۇرۇشلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ۋە يەككە ھالدا بولىشى،ئەتراپلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك بولماسلىقى توغرا بولامدۇ؟.

ھەقىقەتەنمۇ،تاقابىل تۇرۇش مەنتىقە ۋە قائىدە جەھەتتىن تەڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دىنى جەھەتتىن پەس بولۇپ قېلىشىنى، دۈشمەنلىرى ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشلىرىنى ۋە خورلۇق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايدىغان شەرىئەت مەنتىقىسىنى قوشىدىغان بولساق ئەھۋال نېمە بولىدۇ؟.

شەرىئەت مەنتىقىسى الله نىڭ كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:**«پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.»**

**«ئۇلار ئۈچۈن ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ بارىچە كۈچ تەييارلاڭلار.»**

**«ئەگەر سەن(مۇئاھىدە تۈزگەن)قەۋمدىن خىيانەت ئالامەتلىرىنى سەزسەڭ مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا دادىللىق بىلەن تاشلاپ بەرگىن.الله ھەقىقەتەن خائىنلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.»**

**«دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار،ئەگەر سىلەر قىيىنالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىيىنىلىدۇ ،سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى(يەنى شېھىت بولۇشنى،ساۋابنى ۋە غەلىبىنى)الله دىن ئۈمىد قىلىسىلەر.الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»**

شەرىئەت مەنتىقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىنگە قارىغاندا ياخشىدۇر ۋە الله غا تېخىمۇ سۆيۈملۈكتۇر .»، «شۇبھىسىزكى، الله سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئىش قىلغاندا پۇختا ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.»«ئۇرۇش ـ ئالداش (تاكتىكا)دىن ئىبارەتتۇر.» ،«سىلەر ئېھتىياجلىرىڭلارنى ئورۇنداشتا مەخپىي تۇتۇش (سىر ساقلاش)تىن پايدىلىنىڭلار.»

## تۆنجى قېتىملىق ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇكەممەللىك ۋە ئومۇمىيلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئىسلام ھەرىكىتى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشلەر بىزگە ئۇ ھەرىكەتنىڭ مەيلى شەخسلەر ،مەيلى جامائەت تەرەپتە بولمىسۇن ئىنتايىن ئەتراپلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك بولغانلىقىنى ،بىر تەشكىل رامكىسى ئىچىدە ۋە بىر رەھبەرلىك ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ھەرىكىتىگە ھەر تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلەتتى .....دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيە ساھەسىدە تەربىيىچى بولغان بولسا ،ئۆگۈتۈش ساھەسىدە ئوقۇتقۇچى بولغان ،جىھاد ساھەسىدە قوماندان بولسا ،پىلان تۈزۈش ۋە تەشكىللەش ساھەسىدە يېتەكچى ۋە بايراقدار بولغان ،ئەنە شۇنىڭدەك ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرىپىدە يولباشچى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇنىڭ تەربىيە يولىنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر:«بەندە گۇناھ بولىدىغان ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ گۇناھ بولمايدىغان(شۈبھىلىك) ئىشلارنى تەرك ئەتمىگەنگە قەدەر ،تەقۋادارلاردىن بولالمايدۇ.» (تىرمىزى رىۋايىتى) «ئەخلاقى ياخشى بولغانلىرىڭلار سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلاردىندۇر.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)«مۆئمىنلەر ئىچىدە ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغانلار ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغانلاردۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئاياللىرى ئۈچۈن ياخشى بولغانلاردۇر.»(تىرمىزى رىۋايىتى)«الله ھەقىقەتەن رەھىمدىلدۇر، رەھىمدىللىقنى ياخشى كۆرىدۇ.دىلى قاتتىقلىققا ۋە باشقىلارغا قارىتا بەرمىگەن نەرسىنى رەھىمدىللىققا قارىتا بېرىدۇ.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەسكىرى تەلىماتىنىڭ ئىپادىسىدۇر:«بالىلىرىڭلارغا ئوق ئېتىشنى ،سۇ ئۈزۈشنى ۋە ئات مىنىشنى ئۆگۈتۈڭلار.» ، «بىلىڭلاركى كۈچ ـ مەرگەنلىكتۇر.»«كىمكى الله يولىدا غازات قىلمىغان ۋە غازات قىلىش ئىرادىسىدە بولمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە ، ئۇ مۇناپىقلىقنىڭ بىر تارمىقى ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ.»« كىمكى جىھاد ئىزى قالدۇرمىغان ھالدا قىيامەت كۈنى الله غا مۇلاقەت بولسا ، ئۇ ئۆزىنى كەمتۈكلۈك بىلەن الله قا مۇلاقەت قىلغان بولىدۇ.»(تىرمىزى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەلىماتىنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر:«مۆئمىنلەر ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنى دوست تۇتۇش ،بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش ۋە بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىش جەھەتتە بىر تەنگە ئوخشايدۇ. تەننىڭ مەلۇم بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا ،تەننىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىززىش

بىلەن تەڭ بىئارام بولىدۇ.›› ‹‹سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە مۆئمىن بولالمايدۇ.››‹‹كىمكى مۆئمىنلەرنىڭ ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمەي كۈن ئۆتكۈزسە، ئۇ مۆئمىنلەر قاتارىدىن ئەمەس.››‹‹تۇل ئاياللار ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىغا،كېچىنى ئۇخلىماستىن ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگۈچىگە ۋە ئىپتار قىلماستىن روزا تۇتقۇچىغا ئوخشايدۇ.››(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى) ‹‹الله نىڭ ئالدىدىكى ھەمراھلارنىڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ئۆز ھەمراھىغا ياخشى بولغانلىرىدۇر.ئۆز قوشنىسىغا ياخشى بولغۇچىلار الله ئالدىدىكى ياخشى قوشنىلاردىندۇر.››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بولسا،ئۇنىڭ ئىقتىسادى تەلىماتىنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر:‹‹كىشىلەر ئۈچ نەرسىدە بىر ـ بىرى بىلەن ئورتاق شېرىكتۇر ـ سۇدا،ئوت ـ چۆپتە ۋە ئوتتا.›› (ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى) ‹‹زېمىنى بار ئادەم ئۇنى تېرىسۇن،ياكى قېرىندىشىغا تېرىپ پايدىلىنىشىغا بەرسۇن،ئۇنى ئىجارىگە ساتمىسۇن.›› ‹‹بىزنىڭ بىرەر ئىشىمىزغا باش بولغان كىشىنىڭ ئۆيى بولمىسا، ئۇنىڭغا ئۆي ھازىرلاپ بېرىلسۇن.ئايالى بولمىسا ئۆيلەپ قويۇلسۇن،ئۇلىقى بولمىسا ئۇنىڭغا ئۇلاغ ھازىرلاپ بېرىلسۇن.››

ئىمام ئىبنى ھەزم مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:‹‹قايسى بىر شەھەردە بىر ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە،شۇ شەھەر ئاھالىسى قاتىللار دەپ قارىلىپ، ئۇلاردىن ئۆلگۈچىنىڭ دىيىتى تۆلىتىپ ئېلىنىدۇ.››(شەيخ مۇھەممەد غەززالىنىڭ‹‹ئىسلام ۋە بىزدىكى ئىقتىسادى قىياپەت››ناملىق ئەسىرىدىن)

دېمەك بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنىڭ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ھاياتلىقنىڭ مەلۇم تەرىپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى،ھاياتتىكى مەلۇم بىر ئىش ئۇستىدىلا توختاپ قالماستىن ھەممە تەرەپلەرگە چېتىلغانلىقىنى ۋە ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈمىز .

ئىسلام ھەرىكىتى مەيلى قايسى ئورۇن ۋە قايسى زاماندا بولمىسۇن،چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ مېڭىشى لازىمكى،ئۇنىڭ ئۇ يول ياكى بۇ يولغا ئەگىشىشنى تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ.

بۈگۈنكى ئىسلام ھەرىكىتى ھەممە تەرەپتىن ئەتراپلىق بولغان،ھەممە تەرەپتە ۋە ھەممە تۈرلىرىدە الله نىڭ قانۇنىنى يەر يۈزى مىقياسىدا ھۆكۈمران قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسى نىشانغا باغلانغان بولىشى كېرەك.مەيلى تەنتەربىيە ھەرىكىتى بولسۇن،مەيلى كەشپىيات ۋە ئىختىرا خىزمىتى بولسۇن،مەيلى خەيرىيەت خىزمىتى بولسۇن،مەيلى

تەربىيە خىزمىتى بولسۇن ،مەيلى پىكرى ،ياكى سىياسىي ،ياكى ئىقتىسادى ۋە ياكى ئەسكىرى خىزمەتلەر بولسۇن ،بۇ جەھەتلەردىكى خىزمەت ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ نىشانغا باغلانمايدىكەن ۋە ئاشۇ غايە بىلەن تۇتاشمايدىكەن ،ئۇنداقتا ئۇ ئىسلامى قىممىتىنى يوقىتىدۇ .بەلكى مەۋجۇدلۇق ئاساسىنىمۇ يوقىتىدۇ .

ھەقىقەتەن ،تەربىيە خىزمىتى ئىسلام ھەرىكىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .شەرتى شۇكى ئۇ ئاشۇ نىشانغا باغلانغان بولۇشى ۋە باشقا تەرەپلەردىكى خىزمەتلەردىن ئايرىلمىغان بولىشى كېرەك

پىكرى ،ئىلمى ۋە ساقاپەت جەھەتتىكى خىزمەتلەرمۇ ئىسلام ھەرىكىتىدە ئوخشاشلا مۇھىمدۇر .شەرتى شۇكى باشقا تەرەپتىكى خىزمەتلەر بىلەن ئۇيغۇنلاشقان ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ماڭغان بولىشى كېرەك .

ئەنە شۇڭغا ئوخشاشلا سىياسىي ،ئەسكىرى ،ھەرىكەت ،تەشكىلى ،ئىجتىمائىي ، خەيرىيەت ۋە باشقا تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرمۇ ئىسلام ھەرىكىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر .ئەمما شەرتى شۇكى بۇ تەرەپتىكى خىزمەتلەر مۇكەممەل، ئەتراپلىق بولغان ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىدە ئۆزىگە مۇناسىپ ھەجىمگە ئىگە بولىشى ۋە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا قويۇلۇشى لازىم .

شۈبھىسىزكى ،ئىسلام ھەرىكىتىدىكى ھەربىر خىزمەتنىڭ قىممىتى ،تەسىر كۈچى ۋە چوڭقۇرلۇقى پەقەت شۇ ئىسلام ھەرىكىتىدىكى تاكامۇللۇق ۋە ئۇمۇمىيلىقنىڭ نەتىجىلىرىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتىنى ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىش شەرىئەتتىكى پەرزدۇر ۋە ھەرىكەتتىكى مۇقەررەر زۆرۈرىيەتتۇر .

## ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىدىكى تاكامۇللۇق

ئىمام ،شەھىد ھەسەنۇلبەننا ئىسلام ھەرىكىتىنى ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىگىنى مۇنداق تەكىتلەيدۇ:‹‹بىزنىڭ ئىسلامغا بولغان ئومۇمىي ۋە كەڭ دائىرىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ نەتىجىسىدە بىزنىڭ پىكىرلىرىمىز ئۇممەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .سىز قىلچە ئىككىلەنمەستىن بىزنىڭ دەۋىتىمىزنى تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە دەپ ئېيتالايسىز .بىزنىڭ دەۋىتىمىز:

**1** ـ سەلەپلەرنىڭ دەۋىتىدۇر .چۈنكى بۇ دەۋەت ئىسلامنى الله نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن ئىبارەت ئەسلىدىكى ساپ بۇلىقىغا قايتۇرۇشقا دەۋەت

قىلىدۇ .

2 ـ سۈننەت يولىدۇر .چۈنكى بۇ دەۋەت ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى ھەممە ئىشتا ،بولۇپمۇ ئەقىدە ۋە ئىبادەتلەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پاك سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا ئۈندەيدۇ .

3 ـ سوپىزمنىڭ ھەقىقىتىدۇر .چۈنكى بۇ دەۋەتنىڭ ساھىبلىرى ياخشىلىقنىڭ ئاساسىنىڭ كۆڭۈلنى تازىلاش ،قەلبنى ساپلاشتۇرۇش ،ئەمەلنى داۋاملاشتۇرۇش ، مەخلۇقتىن يۈز ئۆرۈش ،الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە ياخشىلىققا باغلىنىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىشىدۇ .

4 ـ سىياسىي تەشكىلاتتۇر .چۈنكى بۇ دەۋەتنىڭ ئەزالىرى ئىچكى جەھەتتە ھاكىمىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى ،تاشقى جەھەتتە ئىسلام ئۈممىتى بىلەن باشقا ئۈممەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىغا بولغان قاراشنى توغرىلاشنى ۋە خەلقنى ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسى ئاساسىدا تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ .

5 ـ ئىلمى ئۇيۇشمىدۇر .چۈنكى ئىسلام ئىلىم تەلەپ قىلىشنى ئەر ۋە ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە پەرز قىلغان .ئەمەلىيەتتە جامائىتىمىزنىڭ يىغىن سورۇنلىرى ئىلىم ئۆگىتىدىغان ،ساقاپەت يېتىلدۈرىدىغان مەكتەپتۇر .ۋە جىسمانىي ، ئەقلى ۋە روھى تەربىيە ئىنىستوتلىرىدۇر .

7 ـ ئىقتىسادى شىركەتتۇر .چۈنكى ئىسلام دىنى ئىقتىسادنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆز يولى بىلەن تېپىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ .ئىسلامنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:‹‹ياخشى ئادەمنىڭ ياخشى يول بىلەن تاپقان ئىقتىسادى نېمىدېگەن ياخشى! .›› ،‹‹كۈننى ھالال ئەمگەكى بىلەن چارچىغان ھالدا كەچ قىلغان ئادەم گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغان ئادەمدۇر .›› ،‹‹الله ھەقىقەتەن كەسىپدار مۆئمىننى ياخشى كۆرىدۇ .››

8 ـ ئىجتىمائى پىكىردۇر .چۈنكى بۇ دەۋەت ئەزالىرى‹‹ئىسلامى جەمئىيەت ››نىڭ كېسەللىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ .بۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئۈممەتنى شىپا تاپقۇزۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ .

ئەنە شۇنىڭدەك بىز ئىسلام مەزمۇنىنىڭ ئومۇمىيلىقى بىزنى ئىسلاھات تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك پىكىرگە ئىگە قىلغان ۋە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى ئاشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىگە قاراتقان دەپ قارايمىز .بىزدىن باشقىلار مەلۇم بىر تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقان پەيتتە بىز ئاشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىگە يۈزلىنىمىز . . . . .››

## ئۈچىنچى مۇھاكىمە ـ
## ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇۋازىنەتنىڭ ۋاجىپلىقى

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇۋازىنەت(يەنى تەڭپۇڭلۇق) ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ بىخەتەرلىك قالقىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.چۈنكى ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇۋازىنەتنىڭ يوقىلىشى مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى تاكامۇللۇق ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسى ۋە ئومۇمىيلىقىغا قارىتىلغان.ئەمما مۇۋازىنەت بولسا ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىدىكى تۈرلەرنىڭ مىقدارى، ھەجىمى ۋە ئۆلچىمىگە قارىتىلغان.

دېمەك ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇۋازىنەت دېگىنىمىز ـ ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تۈرلىرى بولغان ھەربىر خىزمەتكە ئۇنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ۋە ۋەزنىگە قاراپ مۇۋاپىق ئەھمىيەت بېرىش ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

### مۇۋازىنەتنىڭ ھەممە ئىشلاردىكى قىممىتى

مۇۋازىنەت ھەرىكەت ئۆلچەملىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش،ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتا ئۆلچەملەرنىڭ پەرقلەنمەسلىكىدۇر .

دېمەك مۇۋازىنەت ھەرقانداق مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ ئاساسى.ساغلاملىق ۋە بىخەتەرلىكنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر.بۇنىڭ مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

مەسىلەن:ساراڭلىقنى ئېلىپ ئېيتساق،ئۇ ئادەمدىكى ئەقلى ۋە نېرۋا ئىقتىدارىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى يوقاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.شۇڭا بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە بىنورمال ئادەم ياكى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ.

قاتتىق باش ئاغرىق كېسىلى بولسا ئىنسان مېڭىسىدىكى توكنىڭ ئېقىشى كېتىشى ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

قان ئاجىزلىق ۋە قان كەملىك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ

بىر قىزىل قان شارچىلىرى بىلەن ئاق قان شارچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنىڭ ۋە تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلىشىدۇر.

مانا بۇلار ئىنسان جىسمىدىكى مۇۋازىنەتنىڭ يوقۇلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان قىسمەن ئەھۋاللاردۇر.بۇنىڭغا يەنە قانچە ئونلىغان مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن.

ئەمما كائىنات ۋە ھاياتلىقتىكى مۇۋازىنەتنىڭ يوقىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرنى ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس.مەسىلەن:

يەرشارى،قۇياش ۋە باشقا پىلانىتلارنىڭ ئايلىنىشىدىكى مۇۋازىنەت ۋە تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەقەللىيسى، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئىنتىزامى تەسىرگە ئۇچراپ،ئىنسانلار،ھايۋانلار ۋە پۈتۈن ھاياتلىق ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن.

ھەتتا ئىنسانلار ياساپ چىققان ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر،ئىمارەتلەر ۋە كۆۋرۈكلەردىمۇ مۇۋازىنەت قائىدىسى بولۇپ،بۇ نەرسىلەردىكى ئۆلچەم ۋە ھەجىملەرنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى خەتەرلىك ۋە قايغۇلۇق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

## مۇۋازىنەتنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىدىكى قىممىتى

ساغلام ۋە توغرا بولغان ئىسلام ھەرىكىتى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئاساس قىلغان،ھەممە تەرەپتىن ئەتراپلىق بولغان، ئۆلچەم،مىقدار ۋە تەرتىپلىرىدە مۇۋازىنەتنى يەنى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قالغان ھەرىكەتتۇر.

ئىسلام ھەرىكىتىدە مەلۇم تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى بېسىپ كەتكەن ياكى مەلۇم تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىلىپ باشقا تەرەپلەرگە سەل قارالغاندا ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىدا ۋە تەڭپۇڭلۇقىدا مەسىلە كۆرۈلىدۇ.شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېرىشكەن نەتىجىلەرمۇ ساغلام بولمايدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تاكامۇل بولىشى يەنى ئەتراپلىق،ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىشى قەتئىي ۋاجىپ بولغاندەك،ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ يەنى ئىسلامى خىزمەتلەرنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىدىكى ئورنى،ۋەزنى ۋە ئەھمىيىتى بويىچە تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ ئوخشاشلا ۋاجىپتۇر.

## مۇھەممىنى ئالدىدا قىلىش مەنتىقىسى مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر

ئىسلام ھەرىكىتىدە ياكى ئىسلامى ئۆزگەرتىشتە مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامى خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا قىلىشقا ـ قويۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ، ئۇنىڭ ئۆلچەم ۋە مىقدارلىرىنى تونۇۋېلىش زۆرۈردۇر .بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئەملى ھاياتى ئاساسىدا ئىسلامى مەنھەجنىڭ پرىنسىپلىرىنى ، ئاساسلىرىنى ۋە قائىدىلىرىنى توغرا ۋە مۇكەممەل چۈشىنىش لازىم .

ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغىنى ئىنساندىكى مېڭىدۇر . شۇڭا مېڭە جايلاشقان باشنىڭ ئىنسان جىسمىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ،باشقا ئەزالارنىڭ ئۆز رولىغا مۇناسىپ رەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىنسانىنىڭ جىسمانىي قۇرۇلۇشىدىكى تەبىئىي مۇۋازىنەتتۇر .

لېكىن قوماندانلىق رولىنى ئوينايدىغان مېڭىنىڭ ئىنسان جىسمىنىڭ ئەڭ بېشىدا بولۇشى ھەرگىزمۇ ئىنسان جىسمىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ھەتتا ئاددىي بىر ئەزانىڭمۇ قىممىتىنى ئىنكار قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ .ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ۋەزىپىسى ، رولى ۋە قىممىتى بار .

ئىنسانىنىڭ جىسمانىي قۇرۇلۇشىدىكى بۇ تاكامۇللۇق ئىسلام ھەرىكىتى قۇرۇلۇشىدىكى تاكامۇللۇققا ئوخشايدۇ .مۇھەممىنى ئالدىدا قويۇش قائىدىسى ئىنسان جىسمىدىكى مۇۋازىنەتنى بەلگىلىگەنگە ئوخشاشلا ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇۋازىنەتنىمۇ بەلگىلەيدۇ .

## ئىسلام ھەرىكىتىدىكى ئالدىدا قويۇشقا تېگىشلىك ھالقىلار قانداق رەتكە تۇرغۇزۇلىدۇ؟

شۈبھىسىزكى ئىسلام ھەرىكىتى كۆپ تەرەپلەرگە ۋە ئىنتايىن كەڭ مەقسەتلەرگە ئىگە ھەرىكەتتۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلارنى رەتكە تۇرغۇزۇشتىكى مۇھەممىنى ئالدىغا قويۇش تەرتىپى ۋە قائىدىسى بويىچە ئىسلام ھەرىكىتىدىكى ھەرقايسى تەرەپ ۋە مەقسەتلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇش زۆرۈردۇر:

**ئەقىدە ۋە تەربىيە تەرەپ**

شۈبھىسىزكى ،مۇھەممىنى ئالدىدا قويۇش قائىدىسى بويىچە ،ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ

ئەقىدە تەرىپى باشقا پۈتۈن خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر. بەلكى ساغلام ئەقىدىنى چىقىش قىلمىغان ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ الله قۇرئان كەرىمدە بۇنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ ۋە مۇقەررەرلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:‹‹ الله ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈلۈشنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىنى الله ئۆزى خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى، الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ.››

**‹‹الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشنى ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقىنى الله ئۆزى خالىغان ئادەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ.››(سۈرە نىسا 116 ـ ئايەت)**

## ئەقىدە ۋە شەرئەت ھەققىدىكى چۈشەنچە

ئەقىدە ئىلمى بىلەن شەرئەت ئىلمى ھەقىقەتەن باشقا بارلىق ئىلىم ۋە ساقاپەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. مۇھىمنى ئالدىدا قويۇش قائىدىسى بويىچە ئۇنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك! . الله مۇنداق دەيدۇ:‹‹الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.››(سۈرە مۇجادىلە 11 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:‹‹الله ياخشىلىق ئىرادە قىلغان كىشىنى دىندا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.››(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹‹ماڭا ئىلىمنىڭ ئاجايىپاتلىرىدىن ـ يەنى يات، يېڭى ئىلىملەردىن ئۆگۈتۈپ قويسىلا.›› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە:‹‹ئىلىمنىڭ بېشىنى بىلەمسەن؟.››دېدى. ئۇ كىشى:‹‹ئىلىمنىڭ بېشى نېمە؟.››دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹پەرۋەردىگارىڭنى تونۇدۇڭمۇ.›› دېدى. ئۇ كىشى:‹‹ھەئە.››دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئۇنداقتا پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەقلىرىنى ئورۇندىدىڭمۇ؟.››دېدى. ئۇ كىشى‹‹الله خالىغان مىقداردا ئورۇندىدىم.››دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:‹‹ئۆلۈمنى تونۇدۇڭمۇ؟.››دېدى. ئۇ كىشى ‹‹ھەئە›› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام‹‹ئۇنداقتا ئۆلۈمگە قانداق تەييارلىق قىلدىڭ؟.›› دېدى. ئۇ كىشى‹‹الله خالىغان دەرىجىدە تەييارلىق قىلدىم.››دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹سەن قايتىپ كېتىپ، مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىمىڭنى پۇختىلاپ ئاندىن كەلگىن. شۇ چاغدا ئاندىن يېڭى ـ يات ئىلىملەردىن ئۆگىتىپ قويىمىز.›› دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:‹‹ئابدىقا قارىغاندا ئالىمنىڭ ئارتۇقچىلىقى سىلەرنىڭ ئەڭ ئاددىراقىڭلاردىن مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىمغا ئوخشاش.››

ئەگەر يۇقىرىدىكى پاكىتلار بىرەر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ دېسەك ،ئۇ پەقەت ھەممە نەرسىدە مۇھىمنى ئالدىدا قويۇش قائىدىسىنى تۇتۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئىلىمدىمۇ مۇھىمنى ئالدىدا قويۇش قائىدىسى بار.بۇ قائىدە ئىبادەتتىمۇ بار.جىھادتىمۇ بار.ئىجتىمائىي خىزمەتلەردىمۇ بار ۋە سىياسىي پائالىيەتلەردىمۇ بار.شۇڭا بۇ قائىدىنى كۆزدە تۇتماي مېڭىش قارىغۇلارچە ۋە ئاڭسىزلارچە مېڭىشتۇر.

**ئىبادەت ۋە مۇۋازىنەت قائىدىسى**

ئىبادەتنىڭ ئۆزىگە كەلسەك،ئۇنىڭ الله نىڭ شەرىئىتىدىكى قىممىتىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي،ئۇ مۇۋازىنەت رامكىسى ئىچىدە مۇھىمنى ئالدىدا قويۇش قائىدىسىگە بويسۇنىدۇ.قۇرئان كەرىمدە الله مۇنداق دەيدۇ:‹‹**ناماز ئوقۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ(يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)الله نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار.››**(سۈرە جۇمۇئە **10** ـ ئايەت)

بۇ ئايەت ناماز بىلەن تۇرمۇش ئەمگىكى ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان روشەن چاقىرىقتۇر.چۈنكى ئىسلام چۈشەنچىسىدە تۇرمۇش مەشغۇلاتلىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەت بولۇپ ،بۇ چۈشەنچىگە قارشى يول تۇتۇش ئىسلامى مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەرسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.مانا بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ مەسجىد ئىچىدە ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن قىرائەت باشلاپ كىشىلەرنى كاشىلا قىلغان بىر ئادەمنى ھاسسى بىلەن ئۇرۇشقا سەۋەب بولغان ئامىلدۇر.ئۆمەر ئۇ ئادەمگە:‹‹تۇر!.بىزگە دىنىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بەرمە! الله سىنى ئۆلتۈرسۇن!.(يەنى دىنىمىزنىڭ ھاياتى كۈچىنى يوقاتما)›› دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ،بىر ئادەم تاغقا چىقىپ كېتىپ ،شۇ يەردە ئىبادەت قىلىشقا باشلىغان.ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىپ كېلىنگەندىن كېيىن ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:‹‹سەن ۋە سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار ئۇنداق قىلماڭلار.سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىسلام مەيدانلىرىدا چىداملىق كۆرسەتكىنى ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز قىرىق يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ياخشىدۇر.››

**كۈچ ۋە مۇۋازىنەت قائىدىسى**

بىز بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقان كۈچ ـ ئەسكىرى كۈچتۇر.بۇنىڭغا شەرىئەتتە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن.لېكىن بۇنىڭ شەرىئەتتە تۇتقان ئورنى ئىسلام ياشاۋاتقان شارائىتقا قاراپ ئۆزگۈرۈپ تۇرىدۇ.يەنى چوڭىيىدۇ ۋە كىچىكلەيدۇ.

ئەگەر ئىسلام تەبىئىي شارائىتتا تۇرىۋاتقان بولسا ئۇرۇش قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ

ھاياتىدا ئاساسى ئورۇندا تۇرمايدۇ.شۇڭا ئەسكىرى كۈچىنىڭ شەرىئەتتىكى ئورنىمۇ بىر قەدەر كىچىكرەك بولىدۇ.ئەمما ئىسلام مۇشكۈل شارائىتتا تۇرغان،ئىسلامغا تاجاۋۇز قىلىنغان،ئەقىدە ۋە پىكىرلەر ھۇجۇمغا ئۇچرىغان،ئىسلام ئاھالىسى،ئىسلام ئەۋلادلىرى ۋە ئىسلام زېمىنلىرى ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋە ئىشغال قىلىنغان شارائىتلار ئاستىدا جىھاد قىلىش ۋە ئۇرۇش قىلىش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەيىن بولۇپ،باشقا ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى لەھۇى،ئويۇن ۋە جەڭدىن قاچقانلىق دەپ قارىلىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك جىھاد قىلىشتىن مەسجىدى ھەرەمدە ئېتىكاپ قىلىشنى ئارتۇق بىلگەن يېقىن قېرىنداشلىرىدىن بىرىگە يازغان خېتىدە تولىمۇ توغرا گەپ قىلغان:

ئەي ھەرەمگە چوقۇنغۇچى،كۆرسەڭ ئىدى،  
بىزنى ئۆلۈم ئارىسىدا جەڭگاھ تامان،  
جەينامازدىن چۈشمەي قىلغان ئىبادىتىڭ،  
ئويۇن ئىدى،چۈشۈنەتتىڭ سەن بىگۇمان،  
مەڭزىڭ بويلاپ سىرغىغىنى ياشىڭ بولسا،  
كۆكسىمىزنى بويىغىنى قىپقىزىل قان.

**سىياسەت ۋە مۇۋازىنەت قائىدىسى**

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى سىياسىي تەرەپ بولسا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تەرەپتۇر.ئەمما ئۇنىڭ مۇھىملىقى يەنىلا ئەقىدە تەرەپتىن تۆۋەن تۇرىدۇ. چۈنكى ئەقىدە سىياسىي خىزمەتنىڭ ۋە باشقا پۈتۈن خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر. ئەقىدە سىياسىي خىزمەتلەرنىڭ مۇداپىئە قورغىنى ۋە بىخەتەرلىك قالقىنىدۇر. ئىسلام ھەرىكىتىدىكى مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي خىزمەت،ئەسكىرى خىزمەت ئوخشاشلا بەلگىلەنگەن ئورۇن ۋە ھەجىم ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.ئۇنداق بولمايدىكەن، سىياسىي خىزمەت مەزمۇنى يوق قۇرۇق شوئارغا،ۋاستە ئەمەس،بەلكى غايىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.ھېچبولمىغاندا باش ـ ئاخىرىنى تونۇغىلى بولمايدىغان تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ.

**قۇرئان كەرىمدىكى مۇۋازىنەتتىن نەمۇنىلەر:**

تۆۋەندە بىز تۈرلۈك ساھەلەردە، ئىشلاردا ۋە مەسىلىلەردە مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىدىن بىر بۆلۈكىنى كەلتۈرىمىز:

ئاخىرەتلىك قىممەت ئالدىدا دۇنيالىق قىممەتنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا قارىماي،دۇنيا تەلەپلىرى بىلەن ئاخىرەت تەلەپلىرى ئارىسىدىكى

مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىدە اللە مۇنداق دەيدۇ: «اللە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن .دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن .اللە ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەن(اللە يولىدىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن .يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن .اللە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ .»(سۈرە قەسەس 77 ـ ئايەت)

ياخشىلىق ئۇقۇمىنىڭ پەقەت ناماز ۋە بەزى ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ،ياخشىلىقنىڭ ھەممە تەرەپلەردە تاكامۇللۇقنى ۋە مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىدە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ .بەلكى اللە غا، ئاخىرەت كۈنىگە ،پەرىشتىلەرگە ،كىتابقا (يەنى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا ) ، پەيغەمبەرلەرگە ئىما كەلتۈرۈش ،اللەنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا ، يېتىملارغا ،مىسكىنلەرگە ، ئىبنى سەبىللەرگە(يەنى پۇل مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلەرگە) ، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىقا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش ،ناماز ئوقۇش ، زاكات بېرىش ،ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ، يوقسۇزلۇققا ،كېسەللىككە ۋە (اللە نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار(ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر .ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر .» (سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت)

اللە يولىدا پۇل ـ مال چىقىم قىلىشتا مۇۋازىنەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:«قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن(يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) ، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپ كەتمىگىن(يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)(ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە ،پۇشايمانغا قالىسەن .» (سۈرە ئىسرا 29 ـ ئايەت)

ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىشى تۇرۇش ئۈچۈن روھى ۋە ھېسسىي يەنى ماددىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈشتە مۇۋازىنەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:«دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن (ئۇرۇش قىلىش)ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار .بۇنىڭ بىلەن اللە نىڭ دۈشمىنىنى ،ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر .» (سۈرە ئەنفال 61 ـ ئايەت)

اللە يەنە مۇنداق دەيدۇ:«ئى مۆئمىنلەر ،تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋرى قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار ،(چېگرالىڭلارنى ساقلاپ)جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار .مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن

**الله دىن قورقۇڭلار.›› (سۈرە ئالى ئىمران 200 ـ ئايەت)**

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:**‹‹ئى مۆئمىنلەر!(مۇشرىكلاردىن)بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنغا)ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اللەنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.››(سۈرە ئەنفال 45 ـ ئايەت)**

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:**‹‹ئى مۆئمىنلەر(دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن)تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار.ئۇرۇشقا تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار.›› (سۈرە نىسا 71 ـ ئايەت)**

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **‹‹(ئى مۇھەممەد!)سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىرگە بولۇپ،ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى(ئېھتىيات ئۈچۈن) يېنىدا تۇتسۇن.سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن،ئۇلارنىڭ ئورنىغا)ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە(يەنى ئارقاڭدا)ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلەردىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن،(دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن،كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشلارنى،شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا(تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.(يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي،يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار)ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار(بۇ چاغدا)قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بۇلۇڭلار .الله ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدى.›› (سۈرە نىسا 102 ـ ئايەت)**

## مۇۋازىنەت ـ نورماللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ چەكتىن ئاشۇرۋېتىشنى مەنئى قىلىشتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ئىشتا ھەتتا ئىبادەت ئىشلىرىدىمۇ مۇۋازىنەتنى ۋە نورماللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا،تەرسالىقنى ۋە چەكتىن ئاشۇرۋېتىشنى چەكلەشكە ھېرىسمەن ئىدى.

تۆۋەندە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىكى مۇۋازىنەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلاردىن بىر بۆلۈكنى كەلتۈرىمىز:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئائىشەنىڭ يېنىغا كىرگەندە،ئائىشەنىڭ يېنىدا بىر ئايال بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:بۇكىم؟ .دەپ سورىغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: بۇ پالانى ئايال،دەپ ئۇئايالنىڭ نامازنى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:بولدى قىل،سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك.الله بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە مالاللىق يەتمىگۈچە الله غا مالاللىق يەتمەيدۇ.(يەنى سىلەرنىڭ مالاللىق بىلەن زورىغا قىلغان ئىبادىتىڭلارنى الله قوبۇل قىلمايدۇ) .دېدى .

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ:‹‹كۆپىتۈرۈپ گەپ قىلغۇچى ھالاك بولدى.›› دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە:‹‹ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى ھەققىدە سوراشقان.ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز ساناشقاندەك:‹‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا بىزلەر نەدە؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنغان.›› دېيىشتى .ئۇلارنىڭ بىرى:ئۆمۈر بويى پۈتۈن كېچىدە ناماز ئوقۇيمەن. دېدى.يەنە بىرى:مەن ئۆمۈر بويى ئىپتار قىلماي روزا تۇتىمەن.دېدى.قالغان يەنە بىرى: مەن ئاياللاردىن ئايرىلىپ ئۆمۈر بويى توي قىلمايمەن.دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ:‹‹ھېلىقى سۆزلەرنى قىلغانلار سىلەرمۇ؟.الله بىلەن قەسەمكى،مەن سىلەرگە قارىغاندا الله دىن بەكرەك قورقىمەن. لېكىن مەن روزا تۇتىمەن ۋە ئىپتارمۇ قىلىمەن.مەن كېچىدە نامازمۇ ئوقۇيمەن ھەم ئۇيقۇمنىمۇ ئۇخلايمەن.ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن.كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مەندىن ـ يەنى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس.›› دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىپلىرىنىڭ بىرى بولغان ھەنزەلە ئىبنى رەبىئىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە،ئۇ مۇنداق دەيدۇ:بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى ماڭا ئۇچراپ: ھەنزەلە ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ .دېدى.مەن:ھەنزەلە مۇناپىق بولدى.دېدىم.ئەبۇ بەكرى: سۇبھانەللاھ! نېمە دەۋاتىسەن؟ .دېدى.مەن:بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چېغىمىزدا،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە جەننەت ۋە دوزاخنى ئەسلىتىدۇ. بىز ئۇنى ئۆز

كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك تۇيغۇلاردا بولىمىز.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاياللار،باللار ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كۆپ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمىز.دېدىم.ئەبۇ بەكرى:الله بىلەن قەسەمكى.بىزدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار بار.دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ۋە ئەبۇ بەكرى ئىككىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ:ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى،ھەنزەلە مۇناپىق بولۇپ كەتتى.دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:بۇ نېمە ئەھۋال؟.دېدى.مەن :اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ،بىز سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا بولغىنىمىزدا،سەن جەننەت بىلەن دوزاخنى بىزگە ئەسلىتىسەن.بىز ئۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك تۇيغۇلاردا بولىمىز.ئەمما سېنىڭ قېشىڭدىن چىقىپ كەتسەك،ئاياللار، باللار ۋە ئۆي ـ ئېتىز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كۆپىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمىز.دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى،ئەگەر سىلەر داۋاملىق مېنىڭ قېشىمدىكى ۋاقىتتىكىدەك روھى ھالەت ۋە ئەسلىمە ئىچىدە تۇرالىساڭلار ئىدى. ماڭغان يوللىرىڭلاردا ۋە ياتقان ئورۇنلىرىڭلاردا پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولار ئىدى. لېكىن ئى ھەنزەلە! ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئەسلەپ تۇرغىن.دېدى.

ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە،ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ:«الله بىلەن قەسەمكى، ئۆمۈر بويى كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، پۈتۈن كېچىدە ناماز ئوقۇيمەن.» دېگەنلىكىمدىن خەۋەر تاپقان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: مۇشۇنداق سۆزنى قىلغان سەنمۇ؟.دېدى. مەن:ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى،ئاتا ـ ئانام سەن ئۈچۈن پىدادۇر.بۇ گەپنى مەن قىلغان. دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:سەن بۇنىڭغا قادىر بولالمايسەن.سەن روزىمۇ تۇتقىن، ئېغىزمۇ ئاچقىن،كېچىدە نامازمۇ ئوقۇغىن، ئۇيقۇنىمۇ ئۇخلىغىن،ھەرئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن،چۈنكى ياخشىلىققا ئون ھەسسىنىڭ باراۋىرىدە ئەجرى بېرىلىدۇ.مۇشۇنداق قىلساڭ ئۆمۈر بويى روزا تۇتقانغا باراۋەر بولىسەن.دېدى.مەن:بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراقىغا تاقىتىم يېتىدۇ.دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:ئەمىسە بىر كۈن روزا تۇتۇپ،ئىككى كۈن ئېغىز ئاچ.دېدى.مەن:بۇنىڭدىن ئارتۇقراقىغا تاقىتىم يېتىدۇ.دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەمىسە بىر كۈن روزا تۇتۇپ،بىركۈن ئېغىز ئاچقىن،بۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. بۇ ئەڭ توغرا روزىدۇر.دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:سەن قۇرئاننى ھەر ئايدا بىر ئوقۇپ تۈگەتكىن.دېدى.مەن:بۇنىڭدىن ئارتۇقراقىغا تاقىتىم يېتىدۇ. دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:ئەمىسە ھەر يىگىرمە كۈندە بىر ئوقۇپ تۈگەت. دېدى.مەن:ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى،بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراقىغا تاقىتىم يېتىدۇ. دېدىم. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام:ئەمىسە ھەر يەتتە كۈندە بىر ئۇقۇپ تۈگەت ، ئۇنىڭدىن ئاشۇرما .دېدى .
مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆچەپ تەلەپ قىلغان ئىدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا چىڭتىپ بەردى .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ماڭا:سەن بىلمەيسەنكى ، سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولىشى مۇمكىن .دېگەن ئىدى .››
ئەبۇ مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ:مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن ھالغا چۈشۈپ قالدىم .يېشىم چوڭىيىپ قېلىۋىدى .مەن ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتىنى قوبۇل قىلسام بوپتىكەن .دەپ قالدىم .

## دەۋەتچىلەر ۋە ئۇلار ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش

مۇسۇلمان دەۋەتچىنىڭ دەۋەت ئۈچۈن ئىزچىل تۆھپە قوشۇشىغا ،پىشىپ يېتىلىشىگە ياردىمى بولىدىغان گەۋدىلىك ئامىللارنىڭ بىرى ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىدارى ۋە بارلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى تولۇق ۋە تەكشۈك ھالدا ئۆتەش ئىقتىدارىدۇر .
مۇسۇلمان دەۋەتچىنىڭ ئالدىدا ئۈچ چوڭ مەسئۇلىيەت بار:
**1 ـ** ئۆزى ئالدىدىكى مەسئۇلىيتى
**2 ـ** ئائىلىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيتى
**3 ـ** جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيتى
مۇشۇ مەسئۇلىيەتلىرى ئارىسىدىكى مۇۋازىنەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان ، ھەربىر تەرەپكە ئۆزىگە لايىق ئەھمىيەت بېرەلىگەن دەۋەتچى ھەقىقى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دەۋەتچىدۇر .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:‹‹ئۆزۈڭنىڭ سەندە ھەققى بار . ئايالىڭنىڭ سەندە ھەققى بار . پەرۋەردىگارىڭنىڭ سەندە ھەققى بار .ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بەرگىن .››
بۇ قائىدىگە باغلانمىغان ،ئۆز ئىشلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشمايدىغان ،مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىغا چەكتىن ئاشۇرۇپ ئەھمىيەت بېرىپ ،باشقا قىسمىغا سەل قارايدىغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئۆز ھاياتىدىكى مۇقىملىق ئامىللىرىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ ۋە دەۋەتنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمايدۇ .مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ئىشلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتنى ئىشقا

ئاشۇرۇشى پەرز بولسا ،بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ دەۋەت ئاملىنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولۇشى ئۇچۇندۇر.شۇ چاغدىلا ئۇلار خۇسۇسى ۋەئاممۇى ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە دەۋەت ئادىمى بولالايدۇ.

دەۋەتچىلەر ۋە ئىسلام ئۇچۇن خىزمەت قىلغۇچىلار گىرىپتار بولىدىغان ئەڭ خەتەرلىك كېسەللەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ دەۋەت جەريانىدىلا ئىسلامغا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ دائىرىنىڭ سىرتىدا يەنى ئائىلىسىدە ياكى خۇسۇسى ئىشلىرىدا ياكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىسلامدىن ئايرىلىشىدۇر.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق ،ئۇ پەقەت تەشكىلى مۇھىت ئىچىدىلا ئىسلام بىلەن ياشايدۇ.تەشكىلى مۇھىتتىن ئايرىلغاندىن كىيىن ئىسلامدىن ئايرىلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئىسلام باشقا يەردە بولسا ئۇلارنىڭ خۇسۇسى تۇرمۇشى ۋە ئائىلە تۇرمۇشى باشقا يەردە.

مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تۇرلۇك مەسئۇلىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشلىرى ۋاجىپ بولسا ،ئۇلارنىڭ ئاشۇ مەسئۇلىيەتلەر ئىچىدىكى ھەر بىر مەسئۇلىيەت ھالقىسى ئىچىدىمۇ مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېرىشىشلىرى ئوخشاشلا ۋاجىپتۇر.

## 1 ـ دەۋەتچىنىڭ ئۆزى ئالدىدىكى مەسئۇلىيتى

كۆپلىگەن دەۋەتچىلەر ئۆزلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى پۇتۇنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ ھەمدە بۇنى ئۆزىدىن كېچىش ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش دەپ قارىشىدۇ.ۋەھالەنكى،ئىسلامدىكى ئىنسان بىرىنچى بولۇپ ئۆزىگە جاۋابكاردۇر .بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:‹‹**ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار.**››(سۈرە تەھرىم6 ـ ئايەت) الله يەنە مۇنداق دەيدۇ:‹‹**ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۇپەيلىدىن دوزاخقا مەھبۇستۇر.**››(سۈرە مۇددەسىر 38 ـ ئايەت)

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۆزىگە ئەھمىيەت بەرگەندىمۇ ئوخشاشلا مۇۋازىنەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشلىرى كېرەك.ھەرگىزمۇ ئۆز ئەقلىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا جىسمانىيىتىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى ،شۇنداقلا روھىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئەقلىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى كېرەك. ئىسلامى شەخسىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئىسلامى مەنھەجنى چىقىش قىلغان ھالدا مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**1)**.مۇسۇلمان دەۋەتچى ئۆز جىسمانىيىتىگە مەسئۇلدۇر.ئۇ ئۆز جىسمىنى

ئاجىزلاشتۇرىدىغان ،جىسمانىيىتىگە زىيان قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشى ، جىسمىنى ساغلام ،كۈچلۈك ھالەتتە ساقلىشى ۋە جىسمىنى قىيىن شارائىتلار ۋە شارائىت ئۆزگۈرۈشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ،ئىقتىدارلىق قىلىپ چېنىقتۇرۇش ۋە يېتىلدۇرۇش كېرەك .

**2** ) .ئۇ ئۆز ئەقلىگە مەسئۇلدۇر .ئۇ ئۆز ئەقلىنى ساغلام ۋە ئۆتكۈر ھالەتتە ساقلىشى ،ئەقىل دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان ،ئەقلى ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان شارائىت ۋە ئامىللارنى تولۇق ھازىرلىغان بولىشى كېرەك . دېمەك بېرىش مىقدارى قوبۇل قىلىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن ،يەنى ئۆگىتىشى ئۆگىنىشىدىن ئېشىپ كەتكەن دەۋەتچى شۈبھىسىزكى مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقان دەۋەتچىدۇر .

**3** ) .مۇسۇلمان دەۋەتچى ئۆز قەلبىگە مەسئۇلدۇر .ئۇ قەلبىنى ئاقارتىشى ، ئىسلاھ قىلىشى ۋە ساپلاشتۇرۇشى ،الله نى كۆپ ئەسلەش ئارقىلىق قەلب ئىزتىراپلىرىنى تۈگىتىشى ، اللەنىڭ تائىتىگە يۈزلىنىشى ئارقىلىق قەلبىنىڭ سۈزۈكلىكىنى ئاشۇرۇشى كېرەك .

دېمەك مۇسۇلمان دەۋەتچى ئۆزى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ۋە بۇ جەھەتتىكى مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە تۇنجى قۇرئان ئەۋلادى بولغان ساھابىلەرنىڭ تەربىيلىنىش ئاساسى بولغان ئىلاھى مەنھەجگە ئەگىشىشى كېرەك .

## 2 ـ دەۋەتچىنىڭ ئائىلىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى

دەۋەتچىنىڭ ئۆزى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى بولغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئائىلىسى يەنى ئايالى ،بالىلىرى ۋە ئۆيى ئالدىدىمۇ مەسئۇلىيىتى بار .ئىسلام بۇيرۇغان مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلارنىڭ ھەققىگە تولۇق رىئايە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ .

**1** ) .دەۋەتچى ئۆز جەمئىيىتىدە ئىسلامنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن ، ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسى ،ئۆيى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئىسلامنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا جاۋابكاردۇر .ھالبۇكى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ چوڭ ۋە مۇھىمدۇر .الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:‹‹**ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان ،رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار .ئۇ پەرىشتىلەر اللەنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ .نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ .**››(سۈرە تەھرىم **6** ـ ئايەت)

شۈبھىسىزكى ،دەۋەتچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئايالى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۆز

ئائىلىسىدە ئىمان ئاساسلىرىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سىرى بولغان سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت كەيپىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشقان ئىككى شېرىكنىڭ ئالاقىسىغا ئايلىنىش ئۈچۈن ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىي ئالاقىدىن ھالقىپ ئۆتۈشى ۋە بۇنى يېقىملىق سۆز ،قىزغىن نەسىھەت ۋە ياخشى نەمۇنە بولۇش يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك .دەۋەتچى قېرىنداش بۇنى ئائىلىسىدىن ۋە باشقىلاردىن تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۆزى تەقدىم قىلىشى لازىم.

ھەقىقەتەن قىسمەن قېرىنداشلىرىمىز«باشقۇرۇش»پرىنسىپىنى خاتا ئىشلىتىپ كەلدى .ئۇلارنىڭ گۇمانىچە«باشقۇرۇش»پرىنسىپى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ باشلىق بىلەن پۇقرانىڭ ،قوماندان بىلەن ئەسكەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىكەن .ھالبۇكى بۇنداق چۈشەنچە ئەر ـ خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەمەس ،بەلكى بۇزۇلۇشىغا ،بەختىيارلىققا ئەمەس ، بەلكى بەختسىزلىككە سەۋەب بولۇپلا قالماستىن ،بەلكى ئىسلامغا يات بولغان چۈشەنچىدۇر .

ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئەرنىڭ ئايالنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قېلىشى لازىملىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ .(بۇنداق بولۇشىدىن الله پاناھىدا ساقلىسۇن!) .بۇ دېگەنلىك مۇسۇلمان ئائىلە قۇرۇپ چىقىشتا ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن كەم ئەمەس دېگەنلىكتۇر .شۇنداق ئىكەن ،ئەر ـ ئايالنىڭ ئالاقىسى بىر تەرەپنىڭ ئەمەس ، بەلكى ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيەت ئالاقىسى بولۇشى لازىم .

ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ،باللارنىڭ خانىۋەيران بولۇشى ۋە تاپتىن چىقىشى ھەمدە كۆپلىگەن روھى تۈگەنچىلەر كۆپ ھاللاردا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ .

2) .دەۋەتچى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ماددىي ھەقلىرى ۋە تەمىناتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا مەسئۇلدۇر .شۇڭا ئۇنىڭ ئىشلەش ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش مەسئۇلىيىتى بار. بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇشنىڭ بېسىمى كۆپلىگەن ئاياللارنى ھەرخىل خىزمەت ئورۇنلىرىغا چۈكۈشكە مەجبۇرلىغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلىشىنىڭ ۋاجىپ بوپقالغانلىقىدىن ياكى ئەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى يېتەرسىزلىكىگە باھانە تۇغۇلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەرنىڭ ئايالىنى ئۆيىنىڭ سىرتىدا ئىشلەشكە زورلاش ھوقۇقى يوق .بۇنىڭغا پەقەت جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان ،ئايال ئۆزى مەمنۇنلۇق بىلەن رازى بولغان ،ھەر ئىككىلى تەرەپ ئۆز ـ ئارا چۈشىنىشكەن ھەمدە ھېچقانداق شەرئى توسالغۇلار بولمىغان شارائىت ئاستىدىلا رۇخسەتتۇر .

ھەقىقەتەن كۆپلىگەن ئائىلە مەسىلىلىرى پەقەت ئايال كىشىنىڭ سىرتتا خىزمەت قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.بۇنداق ئائىلە تۇرمۇشى قاتمۇ ـ قات مەسئۇلىيەت ۋە ۋاقىت بېسىمى ئاستىدا قاتتىق جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ.ئەر ـ ئايالنىڭ بالىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تەرتىپكە سالىدىغان ۋە تەربىيە ئېھتىياجلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر تۈزۈم ۋە پروگراممىنى تۈزۈپ چىقىشى تەسكە توختايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى سىرتتا خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئائىلىلەردە ئايال كىشى ئۆيدە يوقلۇقتىن كېلىپ چىققان بوشلۇقنى تولدۇرۇش ۋە ئائىلىدە ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن،ئائىلە ئەزالىرى كۈندىلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش جەھەتتە ئۆز ـ ئارا يۈكسەك دەرىجىدە ھەمكارلىشىشى لازىم.

### 3 ـ دەۋەتچىنىڭ دەۋىتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى

مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئۆز دەۋىتى ۋە جامائىتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋە ئاساسلىق مەسئۇلىيەت بولۇپ، بۇنى كىچىكلىتىۋېتىشكە ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ.شۇڭا ئۇ دەۋەت ئۈچۈن ئالاھىدە ۋاقىت ۋە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە بۇ جەھەتتە مۇۋازىنەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك.ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەسىدە دەۋەت يۆلىنىشىنى ئاساسى يۆلىنىشكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، دەۋەتكە ھەسسىلەپ تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىشى لازىم.ئەمما دەۋەتنىڭ مۇۋازىنەتتىن ئىبارەت جەۋھىرىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىك لازىم.ئۇ ئۆز دەۋىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم:‹‹كىمكى پۈتۈن مەقسەت ۋە غەملىرىنى بىرلا مەقسەتكە ئايلاندۇرسا، اللە ئۇنىڭ دۇنيالىق مەقسەتلىرىگە ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ. كىمكى نۇرغۇن مەقسەتلىرى ئارىسىدا پارچىلىنىپ كەتسە،اللە ئۇنىڭ دۇنيانىڭ قايسى ۋادىلىرىدا ھالاك بولۇشىغا پەرۋا قىلمايدۇ.››(ھاكىم رىۋايىتى)

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز دۇنيا تېپىشقا غەرىق بولۇشنىڭ بايلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى شەرت ئەمەسلىكىنى،بايلىقنى ئىشقا ئاشۇرغاندىمۇ،بايلىقنىڭ بەخت ۋە خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ شەرتى ئەمەسلىكىنى چوقۇم بىلىشلىرى كېرەك.

پۈتۈن ئۆمرىنى دۇنيا تېپىش ئۈچۈن سەرىپ قىلغان،ئەمما دۇنيانى تاپالمايلا

قالماستىن ،ئاخىرەتتىن پۈتۈن زىيان تارتقان نۇرغۇن كىشىلەر بار. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دۇنيانى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولسىمۇ،ئەمما بەخىت ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر بار.

ئادەملەر ئىچىدە يەنە ئاخىرەتنى دەپ دۇنياغا پۈتۈنلەي ئارقىسىنى قىلۋالغان، شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى خورلىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس.اللەتائالا مۇنداق دەيدۇ:‹‹**كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن ،اللە ئۇنىڭغا چىقىش يولى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا رىزىق بېرىدۇ.**››(سۈرە تالاق **2** ـ ئايەت)

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسلام ئۈچۈن ،دەۋەت ئۈچۈن ئاتا قىلىدىغىنى ھەممىدىن مۇكەممەل ،ھەممىدىن مول ۋە ھەممىدىن كۆپ بولىشى لازىم.ھەرگىزمۇ دەۋەت يولىدا ۋاقتىلىرىغا بېخىللىق قىلىدىغان، اللە يولىدا جانلىرىغا بېخىللىق قىلىدىغان، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ دۇنيا تېپىش مەقسىتىدە ئەڭ خەتەرلىك دولقۇنلارغا ئۆزىنى ئېتىشتىن، ئەڭ ئېغىر ۋەزىيەتلەرنى قوبۇل قىلىشتىن يانمايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش بولماسلىقلىرى لازىم.اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:‹‹**ئىنسانغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇ ئەجەپ كاپىر بولدى.اللە ئۇنى نېمىدىن ياراتتى،اللە ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتى.(ئۇ تولۇق يارىلىپ بولغۇچە)اللە ئۇنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ پەيدىنپەي ياراتتى.ئاندىن (ئۇنىڭغا ماگار)يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى.ئۇنىڭغا (كۆمۈلدىغان)قەۋرىنى بەرپا قىلدى. ئاندىن اللە ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس(يەنى بۇ كاپىر ئىنسان تەكەببۇرلۇقتىن يانسۇن!)ئۇ اللەنىڭ بۇيرۇغانلىقىنى بەجا كەلتۈرمىدى.**››(سۈرە ئەبەسە **17** ـ **23** ـ ئايەت)

شۈبھىسىزكى دەۋەتنىڭ ئۆزىگە خاس لەززىتى بولۇپ،بۇنىڭ ئالدىدا پۇل ۋە ئاياللاردىن كىلىدىغان لەززەت ھېچنىمە ئەمەس.دەۋەتنىڭ اللە ئالدىدىكى ئەجرى ۋە قىممىتى ئالدىدا دۇنيانىڭ قىممەتلىرى ۋە نېمەتلىرى ھېچنەرسە ئەمەس.....

ئۇنىڭ بىرى ھىدايەت لەززىتىدۇر.:‹‹اللەنىڭ سەن سەۋەپلىك بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىلەردىن ياخشىدۇر(يەنى پۈتۈن دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ياخشىدۇر).››(بۇخارى ۋەمۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە بىرى مەمنۇنلۇق تۇيغۇسىدىن كەلگەن لەززەتتۇر:‹‹**اللە ئۇلاردىن مەمنۇن بولدى.ئۇلارمۇ اللەدىن مەمنۇن بولۇشتى.**››

يەنە بىرى ئۆزى ۋە جەمىيەتتە ئىجتىمائى ئۇستۇنلۇك ۋە ئىمان غەلبىسى تۇيغۇسىغا چۆمۈشتىن كەلگەن لەززەتتۇر:‹‹**شۇ كۈندە مۆئمىنلەر اللەنىڭ ياردىمىدىن(يەنى اللە ئاتا**

**قىلغان غەلىبىدىن) شادلىنىدۇ.››**

شۇبھىسىزكى،ئىسلام ئىسلامى دەۋەت ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلىغان ۋە ئىسلام يولىدا سېخى بولغان، يۇرەكلەر ۋە كۆزلەر قورقۇنچتىن ئالىچەكمەن بولىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ.خۇسۇسەن كۆپلىگەن كىشىلەر دەۋەتتىن يۈزنى ئۆرۈگەن،ئازغىنە كىشىلەر يۈزلەنگەن دەۋىردە ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. سانى ئاز بولغان مۆئمىنلەر جامائىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۇلارنىڭ اللەغا پۇتۇن ۋۇجۇدلىرى بىلەن ئومۇميۈزلۈك يۈزلىنىشىنى ئۆزىگە شەرت قىلغاندۇر.

**ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بولغان،مۇۋازىنەتكە رىئايە قىلغان ئىسلام ھەرىكتى قىيىن ھەرىكەتتۇر.**

ئىسلامى ھەرىكەت ساھەسىدە كۆزگە چېلىققان كۆپلىگەن ئېقىملار تاكامۇللۇق ۋە مۇۋازىنەتنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان،بەلكى ئىسلام ھەرىكتىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنىلا ئاساس قىلغان ۋە شۇ تەرەپكىلا ئەھمىيەت بەرگەن.شۇنداق بولغاچقا بۇ ئېقىملارنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان.بۇ ھال ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بولغان ۋە مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىسلام ھەرىكتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىدا سوئال قوزغىغان.ھەتتا ئۇلاردا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا شەك پەيدا قىلغان. ئەمىلىيەتتە بۇلار ئىسلامى خىزمەتلەرنىڭ مەلۇم تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بەرگەن ئېقىملارنىڭ نېمە ئۇچۇن تېز تەرەققى قىلىدىغانلىقىنى، تاكامۇللۇقنى ۋە مۇۋازىنەتنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىسلام ھەرىكتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ نېمە ئۇچۇن ئاستا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى سىر ۋە سەۋەپلەرنى چۈشەنمەيدۇ.ئۇلارنىڭ تېز تەرەققى قىلىشىدىكى ئاساسى سەۋەپ ئۇلارنىڭ ھەممە كۈچىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى پەقەت بىر تەرەپكىلا مەركەزلەشتۈرگەنلىكىدىندۇر.

ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بولغان،ھەر قايسى تەرەپلەر ئارىسىدا مۇۋازىنەتنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغان ئىسلام ھەرىكتى بىر قەدەر ئاستا تەرەققى قىلىسىمۇ ئەمما ھەممە تەرەپتىن تەكشى تەرەققى قىلىدۇ.

شۇبھىسىزكى،قىسمەن تەرەپتىكى خىزمەتنىڭ ئاسانلىقى ئۇنىڭ تېز تەرەققى قىلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تېز مەغلۇپ بولىشىنىڭمۇ سەۋەبىدۇر. ئەمما ھەممە تەرەپتىن ئەتراپلىق ۋە تەكشى ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتنىڭ قىيىنلىقى ۋە بۇ جەھەتتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئۇنىڭ ئاستا تەرەققى قىلىشىنىڭ،شۇنىڭغا ئەگىشىپ بوران ـ چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلىشىنىڭ ۋە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹ئەمەللەر ئىچىدە اللە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان

ئەمەل ئاز بولسىمۇ داۋاملىق بولغان ئەمەلدۇر.››(مۇسلىم بىلەن بۇخارى رىۋايىتى)

## تۆتىنچى مۇھاكىمە ــ
## ئىسلام ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىپلىقى

ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپلىكى دۇنياۋى ھادىسىگە ئايلانغان بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدا بۇنىڭدىن كىچىككىنە رايونلارمۇ،ھەتتا ئىسلامى كۆچمەنلەرمۇ خالى بولالمىدى. ھەممىلا ئورۇندا نەچچە ئونلىغان ئىسلام تەشكىلاتلىرى،ئىسلام ئاپپاراتلىرى،ئىسلام جامائەتلىرى ۋە ئىسلام پارتىيىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرىسىز.....

مەسىلەن:لىۋاننى مىسالغا ئالساق،مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى بىر يېرىم مىليوندىن ئاشمايدىغان بۇ كىچىككىنە رايوندا قانچە ئونلىغان ئىسلامى تەشكىلاتلار بار.مەسىلەن: ‹‹ئىسلام جامائىتى››،‹‹جۇندۇللا››، ‹‹ئىسلامدىكى گۈزەل ئەخلاق جەمىيەتلىرى››، ‹‹ئىسلام مەقسەتلىرى جەمىيتى››،‹‹قۇرئان كەرىمنى مۇھاپىزەت قىلىش جەمىيتى››، ‹‹ئىسلاھاتى جەمىيتى››،‹‹ياخشىلىق ۋە ئېھسان جەمىيتى››، ‹‹مۇسۇلمان ياشلار جەمىيتى››،‹‹ئىسلام بىرلىكى››،‹‹ئىسلام بىرلىكى جەمىيتى››،‹‹ئىسلام كېڭىشى››... قاتارلىقلار شۇ جۈملىدىندۇر.

بۇنىڭغا يەنە شەيخلەرنى(ئالىملارنى) مەركەز قىلغان ئوخشىمىغان ئىسلامى توپلارنى ۋە ئوخشىمىغان سوپىزىم پەرىقلىرىنىمۇ قوشۇش مۇمكىن.

ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى ئىسلامى ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنى توغرا دەپ ھېساپلىشى،خۇددى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىسلامى ئۆزگەرتىشكە كۆرسىتىدىغان ئەملى تەسىرىدە ئەمەس،بەلكى تارقىلىشىنىڭ كەڭلىكى ۋە قوللىغۇچىلىرىنىڭ كۆپلىكىدە بولىدىغاندەك،ئىسلامي ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپلىكى كۆپلىگەن كىشلەر ۋە ساھەلەرنىڭ ئىسلامغا تەۋە بولىشىغا پايدىلىق دەپ قارىشىدۇر.

### ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولىشىدىكى باھانە ــ سەۋەپلەر

ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن رازىمەن كىشىلەر،ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ

بولىشىدا مەسئۇلىيىتى بار كىشىلەر،كۆز ئالدىدا ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە جامائەتلىرى مەۋجۇد بولۇشىغا قارىماي، يېڭىدىن تەشكىلات ۋە جامائەت پەيدا قىلىشقا سەۋەبچى بولغان كىشىلەر،مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئاقلاشقا ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن باھانە كۆرستىشكە ئورۇندۇ.ئۇلارنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن تاشقىرى ئەمەس:

**1)** بۈرۈن مەۋجۇد بولغان ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ نىشانلىرى خوراپ تۈگىدى، ئەمدى ئۇ ئىسلامى نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

**2)** ئاشۇ تەشكىلاتلار ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭ بىر تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بىرىدۇ، ياكى مەلۇم تەرەپتە بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

**3)** ئەشۇ مەۋجۇد بولغان تەشكىلاتلار نۇرغۇن تەرەپتە گۇمانلىق، شۇڭا ئەشۇ گۇمانلاردىن خالىي بولغان يېڭى بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر.

**4)** مەۋجۇد بولغان ئۇ تەشكىلات ۋە جامائەتلەردە خاتالىقلار كۆپ.

ئەمدى بىز بۇ باھانە ـ سەۋەبلەرنىڭ ئەملى ئاساسى ۋە كېيىنكى نەتىجىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغان بولساق .............ئۇنداقتا بۇرۇنقى تەشكىلاتلارنىڭ نىشانلىرى ئەمىلىيەتتە خوراپ تۈگىگەنمۇ؟ كىيىن مەيدانغا كەلگەن تەشكىلاتلار بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدىمۇ؟

بۇ تەشكىلاتلار بۇرۇنقىلارنى ئەيىبلىگەن خاتالىقلاردىن ساقلىنالىدىمۇ؟

بىز كۆرگەن ئاچچىق ھەقىقەت شۇ بولدىكى، ئەشۇ يېڭى تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلگەندىن كىيىن ئۇلارنىڭ ئەشۇ باھانە ـ سەۋەبلىرىنىڭ ئاساسسىزلىقى بىر ـ بىرلەپ ئىسپاتلاندى:

**(1)** ئۇلار باشقىلاردىن گۇمان قىلغان شۇبھىلەرنىڭ بىرىدىنمۇ ساقلىنىپ قالالمىدى، دەرۋەقە ئىسلامنىڭ بىردىنبىر مەقسەت ئىكەنلىكى، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ نامى نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئورتاق بىر كەلگۈسى ئاقىۋەتنىڭ بارلىقى ئۇلارنىڭ ئىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.

**(2)** ئۇلار باشقىلاردا كۆرگەن ئەيىب ۋە خاتالىقلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئۆزلىرى سادىر قىلىشتى.

**(3)** ئاخىرىدا بىز كىيىن مەيدانغا كەلگەن بۇ تەشكىلاتلارغا قارايدىغان بولساق،بۇ تەشكىلاتلار پۈتۈن خىزمەتلىرىدە بۇرۇنقى مەۋجۇد تەشكىلاتلار ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەجىمنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى.

ئۇنداقتا ئىسلام ھەرىكىتى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپ بولىشىدىن ئىسلام نىمە پايدىغا ئېرىشتى؟ بىرىنچى تەشكىلات ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئىشلاردىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى تەشكىلاتلار نىمىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى؟!

## ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولىشىنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان يامان تەسىرلىرى

ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولىشىدىكى ئاساسي مەسىلە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىسلامى ھەرىكەت ساھەسىدە ھېچقانداق پايدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئىسلامي ھەرىكەت ساھەسىگە ئىلىپ كەلگەن يامان تەسىرلىرىدە، مەسىلەن:

(1)ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارغا ئىسلام ھەركىتىگە قېتىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن باھانە تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇلار بۇنچە كۆپ ھەرىكەتلەر ئارىسىدا قايمۇقۇپ قېلىشقانلىقىنى ئىسلام ھەركىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن باھانە قىلىشتى.

(2) ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى ئىسلام ھەركىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بېيىتىشقا تۈرتكە بولالمىدى.ئەكسىچە ئىسلامي كۈچلەرنى پارچىلىدى ۋە ئاجىزلاشتۇردى.

(3)ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرىگە ھەر بىر گەۋدىنى يىتىم قالدۇرۇش ئارقىلىق ئىسلامى يۈزلىنىشلەرنى تازىلاش ۋە باستۇرۇش ئەمەلىيىتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى.

(4)ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى ھەر قايسى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ باشقا تەشكىلاتلارغا قارىتا سېزىمچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا تەرەپۋازلىقنى ئەۋج ئالدۇردى. بۇ ھال ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارىتىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە تىغ ئۇچىنى ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە قارىتىشلىرىغا سەۋەب بولدى.

(5)مۇشۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا، ھېچقايسىسىنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلىگەن نىشانلىرىغا يىتەلمەسلىكلىرىگە سەۋەب بولدى.

**ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئىسلام ھەركىتىگە كەلتۈرىدىغان ناچار تەسىرلىرى**

(1)بىر ئورگانغا باغلانغان تەشكىللىك ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئورنىغا مەلۇم شەخسنى ياكى ئالىملارنى يادرو قىلغان ئىسلامى ئېقىملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى.

(2) ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ دۇنياۋىلىقى، بىرلىككە كەلتۈرىلىشى ۋە بىر مەركەزگە باغلىنىشىنىڭ ئورنىغا رايون تۇسىنى ئالغان، يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئىسلامىي ئېقىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشى .

(3)پرىنسىپ دوستلىقى ۋە ئەقىدە دوستلىقىنىڭ ئورنىغا جامائەت ۋە پارتىيە دوستلىقى خاھىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى.

(4)ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بولغان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئورنىغا بىر تەرەپلىمە بولغان ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى.

(5)كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىسلام ھەرىكەتلىرى بۇرۇنقىلاردىن ساۋاق ئېلىشنى خالىمىغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇرۇنقىلار سادىر قىلغان خاتالىقلارنى قايتا ـ قايتا سادىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامى ھەرىكەت ساھەسى ئىسلامنى زىيان تاتقۇزۇش ھېسابىغا دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ۋە مەڭگۈ ئاخىرى چىقمايدىغان تەجرىبە سورۇنىغا ئايلىنىپ قالدى.

ھالبۇكى باشقىلارنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشى ئەقىللىق كىشى ھېسابلىناتتى.مۆئمىن بىر قېتىم يىلان چاققان تۆشۈككە ئىككىنچى قېتىم قايتا قول تىقمايدۇ.

**ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقى ئامىللار**

جەمئىيەتتە بىر ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ بارلىقىغا قارىماي يەنە بىر ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىللەش ئۈچۈن كۆرستىلگەن باھانە ـ سەۋەبلەرنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى بىر روشەن ھەقىقەتتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش شەرىئەتكىمۇ، لوگىكىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس!!

لېكىن بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشىنىڭ پەردە ئارقىسىدا يەنە باشقا سەۋەب ۋە ئامىللارنىڭ بارلىقىمۇ يەنە بىر ھەقىقەتتۇر. تۆۋەندە بۇ سەۋەب

ئامىللار ئىچىدىن بىر قانچىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

**(1)** ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى خەلقئارالىق ئامىلدۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەربە بېرىشتۇر. يەنى ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇش تاكتىكىسىدۇر. مەسىلەن: ئىنگلىزلار ھىندىستاندا ئوتتۇرغا چىققان ئەھمەد ئىبنى ئىرفان رەھبەرلىكىدىكى ئىسلام ھەركىتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن «ئەھمەدىيە ھەرىكىتى ياكى قادىيانىيە ھەرىكىتى» نامىدىكى يەنە باشقا گۇمراھ ئىسلام ھەركىتىنى ئەتەي ئوتتۇرىغا چىقارغان.

**(2)** ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئامىللارنىڭ يەنە بىرى باشلىق بولۇش تاماسى ۋە رەھبەرلىك ئورنىنى تالىشىش خاھىشلىرىدۇر. بۇ كۆپ ھاللاردا ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش الله ئۈچۈن خالىس بولۇشنى، الله يولىدا قۇربان بېرىشنى ۋە الله رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**(3)** ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى يوشۇرۇن سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ماددىي خاھىش ئاملى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە بولغان ھېرىسمەنلىك ئاملىدۇر. دەرۋەقە، ئىسلام دىنى ئىسلام بىلەن تىجارەت قىلىدىغان، ئىسلامنىڭ قېنىنى شوراپ ئىچىدىغان ۋە ئىسلام ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىسلام دەۋاچىلىرىغا گىرىپتار بولدى. شۈبھىسىزكى بۇ كىشىلەر ئىسلامىي ھەرىكەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە بۇلارنىڭ «دۇكانلىرى» تاقىلىپ قالىدۇ ۋە بايلىق توپلاش مەنبەلىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

تولىمۇ ئېچىنىشلىقى، بۇ پەردە بىرقانچە ئون ئىسلامى جەمئىيەت بولۇپ، ئەرەب قولتۇقىدىكى دۆلەتلەردىن ئىئانە توپلاش ئۈچۈن بۇلارنىڭ سەپەرلىرى قىش ياز توختاپ قالمايدۇ.

**(4)** ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى ئىسلامنى ۋە ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى تەلەپلىرىنى چۈشەنمەسلىكتۇر. بۇ ھال ئىسلام ھەرىكىتى ساھەسىنى تۈرلۈك پىرقىلەرنىڭ تەجرىبە سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ليكىن ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان

پاكىتلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىسلامىي تەشكىلاتنىڭ ئارقىسىدىن، ياكى ئۇ تارمار بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ئىسلامىي تەشكىلاتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرئى ۋە ھەرىكەت جەھەتتىن مۇتلەق ئاساسى يوق دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

## ئىسلام ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شەرىئەتتىكى پەرزدۇر

شۈبھىسىزكى ئىسلام ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شەرىئەتنىڭ ئەسلى مەقسىتىدۇر. ئىسلام ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى شەرىئەتتىكى پەرز دەپ قارىلىدۇ. بۇنى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن :

**1**)مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە ئۇممەت بىرلىكى ئەسلى تەلەپتۇر. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:‹‹ **(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار** ››(ئەنبىيا سۈرىسى **92** ـ ئايەت)

اللە تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:‹‹ **(ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار** ›› (مۆئمىنۇن سۈرىسى **52** ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:‹‹مۆئمىنلەر ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنى دوست تۇتۇش، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش ۋە بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش جەھەتتە گويا بىر تەنگە ئوخشايدۇ. بۇ تەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا باشقا ئەزالىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قىزىپ بىئارام بولىدۇ››(ئەھمەد ۋەمۇسلىم رىۋايىتى)

**2**)بىرلىككە ئۇندەش ۋە ئىختىلاپنى چەكلەش ئەسلى تەلەپتۇر. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:‹‹**روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ،ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ** ›› (ئالى ئىمران**105** ـ ئايەت)

اللە تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:‹‹ **دىنىڭدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا ـ جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت اللەغىلا خاستۇر (يەنى اللەنىڭ باشقۇرىشىدىدۇر)، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىدۇ**››(ئەنئام **159** ـ ئايەت)

**3**)ئەسلى تەلەپ پەقەت بىرلا جامائەتنى لازىم تۇتۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دەيدۇ:‹‹پات ئارىدا كۆپلىگەن پىرقىلار مەيدانغا كېلىدۇ ، كىمكى بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشلىرىنى پارچىلىماقچى بولىدىكەن، نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار›› (مۇسلىم رىۋايىتى)

بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ:‹‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى دەۋەت قىلدى، بىز ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن ئالغان بەيئەت ئىچىدە بىز مەيلى خالىغان مەيلى خالىمىغان، مەيلى قىيىن بولغان، مەيلى ئاسان بولغان ۋە مەيلى ئۆزىمىزگە پايدىسىز بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا، الله تەرەپتىن روشەن پاكىتى بولغان ئاشكارا كۇفرىنى كۆرمىگۈچە ئىشنى ئۆز ئەھلىدىن تالاشماسلىققا (يەنى ھوقۇق تالاشماسلىققا) بەيئەت قىلدۇق››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ:‹‹جامائەت رەھمەتتۇر. بۆلۈنۈش بولسا ئازابتۇر ››.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ:‹‹الله نىڭ قولى جامائەتنىڭ ئۇستىدىدۇر››(تىرمىزى رىۋايىتى)

ئىمام سۇيۇتىنىڭ ‹‹جامىئۇسسەغىر››ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىسىدە بۇ ھەدىسكە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن :‹‹الله نىڭ قولى جامائەت ئۇستىدە دېگەن سۆز بولسا الله نىڭ ھىمايىسى ۋە ساقلىشى دېگەنلىكتۇر . بىر دانىشمەن بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: ‹‹بىر باغلام چىۋىق ئىلىپ كېلىڭلار ،دېدى ئاندىن چىۋىقلارنى بىر باغلام قىلىپ: بۇنى بىراقلا سۇندۇرۇڭلار دېدى ئۇلار سۇندۇرالمىدى، دانىشمەن چىۋىقلارنى ئايرىپ ئەمدى بىردىن ــ بىردىن سۇندۇرۇڭلار دېدى بالىلىرى ھەممىنى سۇندۇرىۋەتتى. شۇندىن كىيىن دانىشمەن بالىلىرىغا: سىلەر بىرلەشكەن چىغىڭلاردا ھەرگىز مەغلۇپ بولمايسىلەر، ئەمما بۆلۈنگەن ۋاقتىڭلاردا دۇشمەن سىلەرنى باش ئەگدۇرىدۇ، دېدى ››(جامىئۇسسەغىر)

## ئىسلامى ھەرىكەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىدۇر

ئىسلام ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شەرئىيەتتىكى پەرز بولۇپلا قالماستىن ھەرىكەت ئېھتىياجى ۋە ئىنسانىي ئېھتىياج يۈزىسىدىنمۇ جىددىي زۆرۈردۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت

**1)** بىز كۆزلىگەن ئىسلامىي ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىسلامىي كۈچلەرنى بىر

يولغا ۋە بىر پىلان ئىچىگە مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلامىي كۈچلەرنىڭ پارچىلىنىشى بىرلىككە كېلەلمەسلىكى بولسا ئىسلامى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە ئۇنى كېچىكتۈرىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ جاھىلىيەت كۈچلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام دىيارلىرىغا داۋاملىق مۇستەملىكە يۈرگۈزىشىگە ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئىسلامى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بىر جەرياندۇر. جاھىلىيەت كۈچلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئىسلامنىڭ جەمئىيەتنى پىكىر، ھەرىكەت ۋە نىزام جەھەتتىن ئىدارە قىلىشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش پۈتۈن ئىسلامى كۈچلەرنىڭ بىر رامكا ئىچىگە تىزىلىشنى ئەمەس، بەلكى بىر رامكا ۋە بىر پىلان ئىچىدە بىر ـ بىرى بىلەن سىڭىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**2)** ئىسلامغا ۋە ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۈزۈلگەن خەلقئارا بىرلىكسەپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ۋەتاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭمۇ بىر سەپكە كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى «شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى» رامكىسى ئىچىدە بىرلىكسەپ تۈزگەن بولسا، ياۋروپا «ياۋروپا ئورتاق بازىرى» رامكىسى ئىچىدە ئۇيۇشقان. سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر «ۋارشاۋا شەرتنامىسى» ئىچىدە بىرلىكسەپ تۈزگەن بولسا، يەھۇدىيلار «دۇنيا سەھيۇنىزىم تەشكىلاتى» رامكىسى ئىچىدە ئۇيۇشما ھاسىل قىلغان.

دېمەك ، خەلقئارادىكى ئىسلامغا دۈشمەن بولغان، ئىسلام دۇنياسىغا سۇيىقەست پىلانلايدىغان جاھىلىيەت كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ـ ئارا ھەمكارلاشقان ۋە پىلان مەقسەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارغا يەم بولۇپ كەتمەسلىك ۋە ئۇلار تەرەپتىن باستۇرۇلماسلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسىدىكى بارلىق كۈچلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە بىر پىلان، مەقسەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى زۆرۈر ئەمەسمۇ؟

دېمەك ، ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پرىنسىپ جەھەتتىن شەرئى پەرز بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئىسلامنىڭ كەلگۈسىنى قوغداش ۋە ئىسلام ھەرىكىتىنى تازىلاش ۋە باستۇرىلىشتىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن يەنىلا ئوخشاش پەرزدۇر.

**3)** پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى مىقياسىدا ئىسلامغا قارشى بولغان يەرلىك دۈشمەن كۈچلەر ۋە پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام ھەركىتىگە قارشى بىرلىكسەپ تۈزگەن بولۇپ، بۇلار ھەر قايسى تەرەپتىن ئىسلامغا قارشى تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان، پۇرسەت كۈتۈۋاتقان، پىلان تۈزىۋاتقان ۋە ھازىرلىق كۆرۈۋاتقان ،مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك رېئاللىق

ئالدىدا ئىسلامى كۈچلەر چېچىلاڭغۇ ھالەتلىرىنى ساقلاپ، ھەممىسى ئۆزى بىلگەن يولغا مېڭىشلىرى كېرەكمۇ ؟ ياكى بىرلىششكە تۇسالغۇ بولىدىغان بارلىق سەۋەب ۋە ئامىللار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۆز ـ ئارا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەكمۇ ؟

شۈبھىسىزكى،ئىسلامى كۈچلەر ئۆز شەخسىيەتچىلىكىنى ئۇنتۇپ ۋە شەخسىيەتچىلىك تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ الله نىڭ رازىلىقى ۋە ئىسلامنىڭ ئالى مەنپەئەتى ئۈستىدە تىزدىن بىرلىششكە ئالدىرىمايدىكەن، ئۇلارنى كۈتىۋاتقىنى ئىنتايىن قورقۇنچلىق بولغان ئورتاق بىر كەلگۈسى.

ھەممەيلەننىڭ جاسارەتلىك ئىرادە، الله غا سادىق بولغان ئىمان ۋە مەنمەنچىلىك، تەرەپبازلىق، گۇرۇھۋازلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولغان روھ بىلەن الله يولىدا، ئىسلام ھەرىكىتى يولىدا بىر سەپكە ئۇيۇشۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. ئەنە شۇ چاغدىلا مۆئمىنلەر الله نىڭ ياردىمىدىن شاتلىنىدۇ. ئېيتقىنكى، الله نىڭ ياردىمى ناھايىتى يېقىندۇر .

## بەشىنچى مۇھاكىمە ـ
## ئىسلام ھەرىكىتىدىكى جىھاد تەربىيىسىنىڭ ۋاجىپلىقى

ئىسلامىيەت ساھەسىدە ئىسلام ھەرىكەتلىرى ۋە جامائەتلىرىنىڭ بەك كۆپ بولۇش ھادىسىسىغا ئەگىشىپ. ئىسلام ھەرىكىتىدىكى «جىھاد تەربىيىسى» ھەققىدىمۇ ھەر خىل چۈشەنچە ۋە قاراشلار مەيدانغا كەلدى.

دېمەك ، ئىسلامىيەت ساھەسىدە بىر قىسىم ئىسلامى ئېقىملار بولۇپ، ئۇلار مەيلى شەخسلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە بولسۇن،مەيلى ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئۆزلىرى ياشىغان جەمئىيەت ۋە شۇ جەمئىيەت نىزامى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە بولسۇن جىھاد يولىنى بىردىنبىر ئاساس دەپ قارايدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئىسلامى ئېقىملار بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىي جىھادنى بىر پۈتۈن رەت قىلىدۇ. ئۇلار جىھاد يۆنىلىشلىرى ئىچىدىن پەقەت ئەمەلىي جىھادقا ياتمايدىغان

تەرەپلەر بىلەنلا بولدى قىلىدۇ، مەسىلەن: قەلبنى تازىلاش ئارقىلىق قەلب بىلەن جىهاد قىلىش، چىرايلىق نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئادەملەر بىلەن جىهاد قىلىش، ئەمرى مەئرۇپ قىلىش ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر بىلەن جىهاد قىلىش دېگەندەك. ئۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلام ئىنقىلابىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمىلى كۈچ ۋە ئەمەلىي جىهادقا قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئېقىملار بولسا جىهاد يولىنى رەت قىلمايدۇ. ئەمما جىهادقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن ئەمەلىي شۇغۇللىنىشنى ۋە جىهادنى تەشكىلىي رامكا ئىچىگە كىرگۈزۈشنى رەت قىلىدۇ. ئۇلار جىهاد ۋاستىلىرى ۋە ئىمكانىيەتلىرىگە دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن ئېرىشىش،ياكى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەردىن ياردەم سوراش يولى ئارقىلىق ئېرىشىش كېرەك،دۆلەت قۇرۇلمىغان شارائىتتا جىهاد تەييارلىقى قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇلار مەيلى تەشكىلات رامكىسى ئىچىدە ۋە مەيلى ئەزالارنى تەربىيىلەش جەھەتتە بولسۇن جىهاد تەييارلىقىغا ئائىت ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ، ئىسلام ھەرىكىتى، ئۇنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى ۋە تەبىئىتى ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ زىددىيەتلەر ۋە مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، ئىسلامىيەت ساھەسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مۇجاھىدلار قوشۇنىدىن خالىي بولۇپ كەلدى. ئىسلامىيەت ساھەسىدە خىزمەت قىلغۇچىلار، ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىلار، يول باشلىغۇچىلار، پەيلاسوپلار، يازغۇچىلار ۋە نەزەرىيە بەلگىلىگۈچىلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ ئەمما مۇجاھىدلار يوق دېيەرلىك.

مانا بۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى زېمىنلەرنىڭ دۈشمەن قولىغا بىر ـ بىرلەپ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر.

## ئىسلام جىهاد چاقىرىقىدۇر

ئىسلامنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىدىن بىرى ئۇ جاھىلىيەتكە،باتىلغا قارشى تۇرۇش ۋە ھەققانىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان جىهاد چاقىرىقىدۇر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:«**پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار** »(ئەنفال **39** ـ ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دەيدۇ: ‹‹مەن كىشىلەر الله دىن ئۆزگە ھەقىقى مەبۇدنىڭ يوقلىقىغا، مىنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتقانغا قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇ شۇنداق شاھادەت ئېيتقاندا مەندىن جان ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئىسلامدىكى جازا يولى بىلەن بولغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش الله نىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر››(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

جاھىلىيەت بىلەن تىنچ ئۆتۈش، جاھىلىيەت بىلەن بىرگە ياشاش، جاھىلىيەت بىلەن سودىلىشىش ۋە جاھىلىيەتكە يول قويۇش ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىتى ئەمەس. **‹‹ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرغا قويغىن،مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن››**(ھىجىر **94** ـ ئايەت) **‹‹يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن››**

**‹‹(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، ‹‹ ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرنىڭ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللهغا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭ مەن ئىبادەت قىلغان اللهغا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن»››** (سۈرە كافىرۇن)

**‹‹ شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: ‹‹الله نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، الله بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر،سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە (ئورۇن) يوق (چۈنكى ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)، الله (قىيامەت كۈنى) بىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاخىرى قايتىدىغان جاي اللهنىڭ دەرگاھىدۇر»››**(شۇرا **15** ـ ئايەت)

ئىسلامنىڭ تەبىئىتى ۋە خارەكتىرلىرىدىن بىرى شۇكى ئۇ ئىنسانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرغا قويۇلغان ھەل قىلىش چارىلىرىنى بىردەك رەت قىلىدۇ. ئۇ ئىسلامى يول بىلەن بىرگە باشقا ھەر قانداق يولنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلامىي نىزام بىلەن بىرگە يەنە بىر نىزامنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلامىي قانۇن بىلەن بىرگە يەنە بىر قانۇننى قوبۇل قىلمايدۇ.

**‹‹بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى قوبۇل قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم››**(مائىدە3 ـ ئايەت)

**‹‹اللەنىڭ ئالدىدا (مەقبۇل بولغان) دىن (يەنى شەرىئەت ۋە نىزام) ھەقىقەتەن ئىسلام دىنىدۇر.››**(ئالى ئىمران **19** ـ ئايەت)

**‹‹ كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىنىنى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر ››** (ئالى ئىمران **85** ـ ئايەت)

ئىسلامنىڭ تەبىئىتى ۋە خارەكتېرلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ قانۇن چىقىرىشنى پەقەت الله نىڭلا ھەققى دەپ بەلگىلەيدۇ. اللەنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنلارنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەيلى ئەجنەبىيلەرنىڭ، مەيلى ئەرەبلەرنىڭ، مەيلى شەرقنىڭ ۋە مەيلى غەربنىڭ قانۇنلىرى بولسۇن .ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بارلىق قانۇنلارنى رەت قىلىدۇ:

**‹‹ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا اللّٰه نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ اللّٰه ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ساقلانغىن . ئەگەر ئۇلار (اللّٰه ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرىسە، (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن اللّٰه ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر).ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟(اللّٰهغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللّٰهدىنمۇ ئادىل كىم بار.››**(مائىدە **49** ـ ئايەت)

ئىسلامنىڭ يەنە بىر تەبىئىتى شۇكى، ئۇ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر نەرسىدە باشقىلاردىن تۆۋەن بولۇپ قىلىشىغا رازى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قانداق ئىشتا ئېزىلىشى ۋە خارلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

**‹‹غەلىبە الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر››**(مۇنافىقۇن **8** ـ ئايەت)

**‹‹ئى مۆئمىنلەر ! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، اللّٰه (ئۇنىڭ ئورنىغا) اللّٰه ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللّٰهنى دوست تۇتىدىغان، مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كافىرلارغا شەپقەتسىز، اللّٰهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ**

مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ﷲنىڭ پەزلىدۇركى، ﷲ ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ﷲ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ﷲ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر››(مائىدە 54 ـ ئايەت)

‹‹مۇھەممەد ﷲنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز ـ ئارا كۆيۈمچاندۇر ››(فەتىھ 29 ـ ئايەت)

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسلام دىنى جىھادنى مۆئمىنلەرنى جەننەتكە، اللەنىڭ رازىلىقىغا ۋە ئاخىرەت نىمىتىگە يەتكۈزىدىغان يول دەپ ھېسابلايدۇ.جىھادنى تەرك ئېتىش ۋە جىھادتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى خورلۇق، ھاقارەت ۋە پەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەب دەپ قارايدۇ.

‹‹بىلىڭلاركى جەننەت ھەقىقەتەن قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا›› (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان)

## مۇسۇلمانلار جامائىتى جىھاد ھەرىكىتىدىن ئىبارەتتۇر

ئىسلام ھەر قانداق ئورۇن ۋە ھەر قانداق دەۋردىكى مۇسۇلمان جامائەتنى جىھاد ھەرىكىتى دەپ ھېسابلايدۇ .بۇ جامائەتنىڭ ئاساسى نىشانى پۈتۈن ئىنسانلارنى اللەقىلا چوقۇندۇرۇش ۋە پەقەت اللەنىڭ قانۇنىنىلا ھۆكۈمران ۋە رەھبەر ئورنىغا تۇرغۇزۇشتۇر. اللەنىڭ كىتابى قۇرئانى كەرىم مۇسۇلمان جامائەتنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: ‹‹شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي ) مۆئمىنلەر ﷲغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن،ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن،ماللىرى بىلەن،جانلىرى بىلەن ﷲنىڭ يولىداجىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر›› (ھوجۇرات 15 ـ ئايەت)

‹‹بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن)سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (ﷲنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانىغا قەدەر.››(مۇھەممەد31 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان جامائىتىنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ:‹‹مىنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەقىقەت ئۇستىدە دادىل تۇرىدىغان ۋە ھەقىقەت ئۇستىدە ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىر گۇرۇھ كىشىلەر ھەر زامان مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ.››(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

«مىنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىن اللەنىڭ ئەمرى (يەنى دىنى) ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان بىر گۇرۇھ كىشىلەر تاكى قىيامەتكىچە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۇلار بىلەن قارشى بولغانلار ئۇلارنى مەيداندىن قايتۇرالمايدۇ»(ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

«مىنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىن ھەققانىيەت ئۈستىدە دادىل تۇرىدىغان بىر گۇرۇھ كىشىلەر تاكى قىيامەتكىچە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ»

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ جىھاد ئۈممىتى ۋە جىھاد ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكەن،شۇنىڭ بىلەن ئۇلار الله يولىدا ماللىرى بىلەن،جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغۇچىلار بولۇپ ياشىغان، ئۇلار ھەقىقەتنى دادىل سۆزلىگەن، مەئرۇپقا بۇيرۇپ، مۇنكەردىن توسقان، ئادالەتنى بەرپا قىلغان ۋە اللەنىڭ يولىدا مالامەتچىلەرنىڭ مالامىتىدىن قورقۇپ قالمىغان.

ئۇلار ھۆكۈمرانلارنىڭ زورىدىن، جاللاتلارنىڭ قامچىلىرىدىن ۋە دار ئاغامچىلىرىدىن قورقۇپ قالمىغان ئىدى. بەلكى اللەنىڭ يولىدا بۇلارنى شېرىن ۋە لەززەت ھېس قىلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ قېيىن سىناقلار ئىچىدىكى پوزىتسىيىسى ۋە روھى ھالىتىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن چىققان مۇنداق سۆزنى ئاڭلىغىلى بولاتتى:«ئى الله ماڭا غەزەپ قىلمىغانلا بولساڭ، مەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەق ئىسلام بىلەنلا تەربىيىلەپ چىققان ئاشۇ جامائەت قانداقتۇر كىشىلەر ئارىسىدا مەلۇم پىكىر ۋە پەلسەپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپلار جامائىتى ئەمەس ئىدى.

يەنە ئۇ جامائەت ئىنسانلار دۇنياسىدىن ۋە ئىنسانلارنىڭ روھى رىيازەت ئالەمىدىكى كۈرەشلىرىدىن ئايرىلغان، ئۆز ئەتراپىدا ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قانداق سۇيىقەستلەرنىڭ يۈرگۈزىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز، ئىسلامدىن پەقەت ناماز، روزا ۋە ھۆكمەتلەر بىلەنلا كۇپايىلەنگەن سوپىلار جامائىتىمۇ ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ،تاغدا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەندە،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ مۇنداق دېگەن :«سەن ۋە سىلەردىن ھېچقايسىڭلار بۇنداق قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىسلام مەيدانلىرىنىڭ بىرىدە چىدامچانلىق كۆرسەتكىنى ئۇنىڭ ئۆچۈن ئۆزى يالغۇز قىرىق يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ياخشىدۇر» تىرمىزىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:«سەن ھەرگىز ئۇنداق قىلما، سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ الله يولىدىكى ئورنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئۆيىدە يەتمىش يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر. اللەنىڭ

گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىپ، سىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى خالىمامسىلەر؟! ئاللاھنىڭ يولىدا غازات قىلىڭلار. كىمكى تۆگە ئۇستىدە ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلسا، جەننەت ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىدۇ››.

## ئىسلامى ئۆزگەرتىش ۋە جىھادنىڭ مۇقەررەرلىكى

شۈبھىسىزكى، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ باش نىشانى ئىسلامى ئۆزگەرتىشتۇر. ھالبۇكى ئىسلامى ئۆزگەرتىشنى جىھادسىز ۋە مۇجاھىد ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلىمەستىن، شۇنىڭدەك جىھاد تەشكىلىنى قۇرۇپ چىقماستىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، ئۆزگەرتىش خىزمىتى تولىمۇ جاپالىق بىر خىزمەتتۇر. بەلكى زامانلار ئاملى ئۇنىڭ مۇشەققەتلىك دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن. چۈنكى ئىسلام دۇنياسىدىكى ھوقۇق تىزگىننى قولىغا ئېلىۋالغان مەۋجۇد گەۋدىلەرنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە دۈشمەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكمۇ چوڭقۇردۇر.

ئەركىنلىك ياكى ئاتالمىش ‹‹دېموكراتىيە›› دەۋرى ئەمدى كەلمەسكە كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ‹‹دىكتاتورا ›› دەۋرى ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئالدىن ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن : ‹‹بىلىشىڭلار كېرەككى ، ئىسلامنىڭ تۈگمىنى ئايلىنىپ تۇرغۇچىدۇر. ئىسلام قايسى تەرەپكە ئايلانسا سىلەرمۇ ئىسلام بىلەن بىرگە ئايلىنىڭلار. بىلىشىڭلار كېرەككى،پات يېقىندا كىتاب (يەنى قۇرئان) بىلەن ھوقۇق ئايرىۋېتىلىدۇ. (يەنى ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلىدۇ).بىلىشىڭلار كېرەككى ،پات يېقىندا سىلەرنىڭ ئۇستۈڭلاردا شۇنداق باشلىقلار بولىدۇكى،ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلغاننى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ھۆكۈم قىلمايدۇ. ئۇلارغا بويسۇنمىساڭلار ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ.ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار ئۇلار سىلەرنى ئازدۇرىدۇ› بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، شۇ چاغلاردا بىزلەر نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟› دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :‹ئىيسانىڭ ساھابىلىرىدەك قىلىڭلار. ئۇلار ھەرىلەر بىلەن ھەرىدەلگەن، ياغاچلارغا مىخلانغان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ئۆلگەن ئۆلۈم ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ياشىغان ھاياتتىن ياخشىدۇر››دېگەن .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن :‹‹پەيغەمبەرلىك ئاللاھ خالىغان ۋاقىت داۋام قىلغاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ يولىنى ئاساس قىلغان، توغرا يولنى تۇتقان خەلىپىلىك بولۇپ ئاللاھ خالىغان ۋاقىت داۋام قىلغاندىن

كىيىن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كىيىن ھوقۇقنى ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس ئالىدىغان پادىشاھلىق دەۋرى بولۇپ، ئۇمۇ الله خالىغان ۋاقىتتىن كىيىن ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كىيىن زورلۇق (دىكتاتورا ) دەۋرى بولىدۇ. الله خالىغان ۋاقىتتىن كىيىن ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كىيىن پەيغەمبەرنىڭ يولىنى ئاساس قىلغان ھەقىقى خەلىپىلىك قايتىدىن مەيدانغا كېلىپ پۈتۈن زېمىنغا ئومۇملىشىدۇ››.

ئىسلام دۇنياسىدا ھوقۇق تىزگىنىنى ئالقىنىغا ئېلىۋالغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن رەزىل كۈچلەردۇر. ئۇلارنىڭ مېڭىلىرى غەرب تەرىپىدىن يۇيۇۋېتىلگەن. ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ كۈچلەرنى مۇشۇ ۋەزىپە ئۈچۈن ئۆزۈندىن بىرى يېتىشتۈرۈپ چىققان. جىھاد قىلماي، جىھاد ھەرىكتى تەشكىللىمەي ۋە جىھاد تەربىيىسى ئېلىپ بارماي بۇ رەزىل كۈچلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە يېڭىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ كۈچلەر يوقۇتۇش ۋە باستۇرۇش ئىمكانىيەتلەرگە تولۇق ئىگە بولىۋالغان ھەمدە ئۇلارغا ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە يېشىل چىراغ ياندۇرۇپ بېرىلگەن . بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە باشلامچىلىق قىلىۋاتقىنى خەلقئارادىكى ئۈچ چوڭ كۈچ بولۇپ ئۇلار سەھيۇنىزىم (يەھۇدىيلار) ،ئەھلى سەلىبلەر ۋە كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت.

بۇ كۈچلەرنى يوقىتىش ۋە ئۇلانىڭ ئورنىغا ئىسلامنى تۇرغۇزۇش ھەقىقەتەن ئاددىي ۋە ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ كۈچلەر ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئۆز ئورنىغا چىڭ ئېسىلىدۇ. شۇڭا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىدىغان كەسكىن جىھاد ئۈچۈن، تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتلەر ۋە قارشىلىقلار ئۈچۈن ئىدىيە ۋە روھى جەھەتتە تولۇق تەييارلىقى بولغان بىر ھەرىكەتكە موھتاجدۇر.

بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەڭ ئالدى بىلەن جانلىرىغا قانچىلىك ئامراق بولسا ئۆلۈمگىمۇ شۇنچىلىك ئامراق بولغان، كېچە ـ كۈندۈز ئىسلامنىڭ مەسىلىلىرى ۋە ئىسلامنىڭ غېمى بىلەن ياشايدىغان مۇجاھىدلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان جىھاد تەربىيىسىگە موھتاجدۇر.

جىھاد تەربىيىسى مەلۇم ۋاقىت ياكى شارائىتتا ئىسلام ھەرىكىتىدىكى تەربىيە پروگراممىسىغا قوشۇپ قويۇلىدىغان قوشۇمچە بۆلەك بولماستىن، بەلكى پۈتۈن يوللارنىڭ جېنىدۇر ۋە ھەر قايسى بۆلەكلەر ئارىسىدىكى ئورتاق خۇسۇسىيەتتۇر.

پىكرى ياكى تەربىيە ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا ھالدا جىھاد ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇش ھەقىقەتەن تولىمۇ خەتەرلىك ۋە خەۋپلىكتۇر. ھالبۇكى بۇ ھەرىكەتلەرنى باشتىلا جىھاد ئاساسىغا قۇرۇپ چىقىش جاھىلىيەت گەۋدىلىرىنى يىقىتىش، ئۆز ئورۇنلىرىدىن قومۇرۇپ

تاشلاشقا تىخىمۇ پايدىلىقتۇر.

## بىز كۆزدە تۇتقان جىھاد تەربىيىسى نېمە؟

جىھاد تەربىيىسى ھەرگىزمۇ باشقا تەربىيە تەرەپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. يەنى جىھاد تەربىيىسى دېگەنلىك ئەسكىرى تەربىيە ۋە ئۇرۇش ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ روھى تەربىيە، پىكرى جەھەتتىكى تەربىيە، سىياسي تەربىيە ۋە ھەرىكەت تەربىيىسى قاتارلىقلارغا سەل قاراش دېگەنلىك ئەمەس.

جىھاد تەربىيىسى دېگىنىمىز شەخسلەردە ۋە جامائەتتە جىھاد روھىنى يىلتىز تارتقۇزۇش ۋە بۇ روھىنى باشقا ئىشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈگىنىگە ئايلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. جىھاد تەربىيىسى دېگەنلىك ئىسلام ئۈچۈن ياشايدىغان، ئۆز رولىنىڭ چوڭلۇقىنى، مۇھىملىقىنى ۋە ئىنچىكىلىكىنى تولۇق تونۇپ، مۇشۇ رولنى ئەڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە سۇسلۇق قىلمايدىغان كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. جىھاد تەربىيىسى يەنە قەلبى الله قا ۋە ئاخىرەتكە باغلانغان، ئېشىنچە ۋاقىتلىرىنىلا ئاخىرەت ۋە دەۋەت ئۈچۈن سەرپ قىلىپ ئاساسلىق ئۆمرىنى دۇنيا مەئىشتى ئۈچۈن سەرپ قىلمايدىغان، اللەنىڭ يولىدا شەھىد بولۇشقا تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ۋە «الله يولىدا ئۆلۈش ئەڭ چوڭ ئارزۇيىمىزدۇر» دېگەن شۇئارنىڭ ھەقىقىتى بىلەن ياشايدىغان كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

ھەقىقەتەن جىھاد تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ كەسپى ۋە خىزمىتى نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى الله يولىدا جىھاد قىلىدىغان، ئۆز كەسپىنى جىھاد ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغان كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشتۇر. دېمەك ئۇ ئالىمدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مۇجاھىدتۇر. دېمەك ئۇ يازغۇچىدۇر ھەم مۇجاھىدتۇر. دېمەك ئۇ ئوقۇتقۇچىدۇر ھەم مۇجاھىدتۇر. ئەنە شۇنىڭدەك، جىھاد بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك بولىدۇ.

جىھاد تەربىيىسىدە ئىككى چوڭ ئاساسي ئىشقا تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

بىرىنچى: قەلبنى الله قا باغلاشقا، الله بىلەن ئۇچرىششقا ۋە الله نىڭ يولىدا ئۆلۈشكە تەلپۈندۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىش، شۇنىڭغا ئەگىشىپ قەلبنى زېمىننىڭ مەئىشەتلىرىگە (گەرچە ئۇ ھالال بولسىمۇ) تارتىپ كېتىدىغان سەۋەب ۋە ئامىللاردىن

ساقلاش ، شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدتا بولغان روھىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش .

ئىككىنچى: تەنىنىڭ ساغلام ، كۈچلۈك بولىشىغا ئەھمىيەت بېرىش ، بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئېلىم ۋە تەجرىبىلەر كۆپ بولغان دەۋردە تەنىنىڭ مۇداپىئە ۋە ھۇجۇم ئىقتىدارىغا ۋە مۇداپىئە ، ھۇجۇم تېخنىكىلىرىغا ئېگە بولىشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:‹‹كىمكى بىر قەۋمنىڭ تىلىنى ئۆگەنسە ، شۇ قەۋمنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ئامان قالىدۇ›› .

## ئىسلام جىھادقا ئۈندەيدۇ

بىز قۇرئانى كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىكى بىر قانچىلىغان پاكىتلارنى كۆز ئالدىمىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا ئىسلامنىڭ جىھادقا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز ھەمدە تۇنجى قۇرئان ئەۋلادى بولغان ساھابىلار قولىغا كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئىشقا ئاشقان ئاجايىپ غەلبە ـ نۇسرەتلەرنىڭ سىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ . بۇنىڭ سىرى شۇكى ، ھاياتى قۇرئان روھى بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن بۇ تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار جىھاد مەنىلىرى بىلەن تەبىيلەنگەن ھەمدە ئۈزلۈكسىز ھالدا جىھاد سۈتلىرىنى ئىچىپ ئۆزلىرىگە روھى ئوزۇق تەييارلاپ تۇرغان .

ئەمدى بىز اللەنىڭ كىتابىدىن جىھادقا ئۈندەيدىغان ئايەتلەردىن بىر قىسمىنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

**‹‹سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى . ھالبۇكى ، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر ، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن ، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر . (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) اللە بىلىدۇ ، سىلەر بىلمەيسىلەر ، (شۇنىڭ ئۈچۈن) اللە بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار .››**(بەقەرە **216** ـ ئايەت)

**‹‹ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار اللە يولىدا (جېنىنى ، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن .››**(نىسا **74** ـ ئايەت)

**‹‹ئى پەيغەمبەر مۆئمىنلەرنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندىگىن››** (ئەنفال سۈرىسى)

**‹‹سىلەر ئەھلى كىتابتىن اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار**

**(يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى اﷲنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى اﷲنىڭ ئوغلى دەپ ئىتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار اﷲغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىتىقاد قىلمىز دىگەن بىلەنمۇ ئىتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، اﷲ(ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) هارام قىلغان نەرسىلەرنى هارام بىلمەيدىغانلار ۋە هەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئىتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار.» (تەۋبە 29 ـ ئايەت)**

**«(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يىنىك بولغان ياكى ئىغىر بولغان هالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قىرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوكۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىئختىيارسىز بولۇڭلار، هەممە ئەهۋالدا) جىهادقا چىقىڭلار، اﷲنىڭ يولىدا مىلىڭلاربىلەن ، جىنىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.»(تەۋبە 41 ـ ئايەت)**

ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ جىهادقا ئالاقىدار هەدىسلەردىن قىسمەن ئۇزۇندىلەرنى كەلتۈرىمىز:

«كىمكى جىهاد ئىزى قالدۇرماستىن الله بىلەن ئۇچراشسا، ئۇ ئۆزىدە كەمتۈكلۈك بولغان هالدا الله بىلەن ئۇچرىشىدۇ» (تىرمىزى ۋە ئىبى ماجە رىۋايىتى)

## چوڭ جىهاد بىلەن كىچىك جىهاد ئوتتۇرىسىدا

مۇسۇلمانلارغا ،بەلكى ئىسلام ساهەلىرىدە خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگە چۈشىنىكسىز بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئۇرۇش قىلىش خاراكتىرىدىكى جىهادنىڭ كىچىك جىهاد بولۇپ قالغانلىقىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكى رىۋايەتتۇر:«بىز كىچىك جىهادتىن چوڭ جىهادقا قايتتۇق، ساهابىلەر: چوڭ جىهاد قايسى؟ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: چوڭ جىهاد قەلب بىلەن جىهاد قىلىش ياكى نەپسى بىلەن جىهاد قىلىش»

ئىمام هەسەنۇلبەننا بۇ رىۋايەت هەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«قىسمەن كىشىلەر بۇ رىۋايەت بىلەن باشقىلارنى جىهادنىڭ مۇهىملىقىدىن، جىهاد تەييارلىقىدىن ۋە جىهاد يولىغا قەدەم بىسىشتىن قايتۇرماقچى بولىشىدۇ. ئەمما بۇ ئەسەر هەرگىزمۇ سەهىه هەدىس ئەمەس.......

ئەگەر بۇنى سەهىه هەدىس دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ بۇ جىهادتىن يۈز ئۆرۈشكە، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىهاد تەييارلىقى قىلىشتىن باش تارتىشقا

رۇخسەت بەرمەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى پەقەت ھەممە ئەمەللەردە اللەنىڭلا رازىلىقىنى كۆزلەش ئۈچۈن قەلب بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلەشتۇر.

بۇ يەردە يەنە جىھادقا يانداشقان بىر قىسىم ئىشلار بار. ئۇنىڭ بىرى مەئرۇپقا بۇيرۇپ، مۇنكەردىن توسۇشتۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:‹‹جىھادنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنىڭ بىرى زالىم ھۆكۈمران ئالدىدا ھەق گەپ قىلىشتۇر››...لېكىن بۇنداق كىشىلەر چوڭ شېھىدلىكتىن ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئەجرىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. پەقەت اللەنىڭ يولىدا ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى مۇجاھىدتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە يولىدىكى مۇجاھىدىنىڭ يۈكسەك ئۈلگىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى يېتەكچى ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا جىھاد بىلەن ئەمەلىي شۇغۇللانغان، جىھادنىڭ قاينامlىرىغا چۆككەن، جىھادنىڭ تەلەپلىرىنى ۋە مەنىلىرىنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان بىر قوماندانىنىڭ نورلۇق سۈرىتىنى كۆرەلەيدۇ:

**باتۇرلۇق**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:‹‹ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى، ئەڭ سېخىيراقى ۋە ئەڭ باتۇرراقى ئىدى. بىر كېچىسى، مەدىنە ئەھلى قاتتىق قورقۇپ كېتىشتى، ئادەملەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار يولدا قايتىپ كېلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋاز تەرەپكە ئۇلاردىن بۇرۇن بېرىپ بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتىغا ئىگەرسىزلا مىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بويىندا قىلىچ ئېسىلغان ئىدى. ئۇ ئادەملەرگە: قورقماڭلار، قورقماڭلار دەيتتى›› (سەھىھ ھەدىس)

**كۈچلۈكلۈك**

ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹‹كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىنگە قارىغاندا ياخشى،ئىشتا ئۆزۈڭگە پايدىلىق بولغان نەرسىگە ھېرىسمەن بول.اللە دىن ياردەم سورىغىن، ھەممە ئىشتا ئاجىز بولمىغىن....›› (سەھىھ ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈچلۈكلۈكتە باشقىلارغا نەمۇنە ئىدى. ئۇ قۇرەيش

ياشلىرىنىڭ ئەڭ قاۋۇلى بولغان رۇكانە ئىبنى ئەبۇ يەزىدنى يىڭگەن ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆتىرىپ يەرگە ئاتقاندا ئۇ ئۆزىگە قىلچىلىكمۇ ئىگە بولالمىغان ئىدى .

قورال سانائىتىگە رىغبەتلەندۈرۈش

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ،ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ:‹‹الله ھەقىقەتەن بىر ئوق بىلەن ئۈچ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ .ئۇ ئوقنى اللەتىن ئەجرى كۈتۈپ ياسىغۇچىنى ، ئۇ ئوقنى ئاتقۇچىنى ۋە ئوقنى سۇنۇپ بەرگۈچىنى›› (ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى)

مەرگەنلىككە رىغبەتلەندۈرۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەرگەنلىكنى جىھاد خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكلىرىدىن ۋە كۈچ سەۋەبلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىممىدىن ھېسابلايتتى .

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ،ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ:‹‹ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش)ئۈچۈن ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار. بىلىڭلاركى، كۈچ – مەرگەنلىكتۇر ،بىلىڭلاركى ،كۈچ – مەرگەنلىكتۇر ،بىلىڭلاركى، كۈچ – مەرگەنلىكتۇر، ›› (مۇسلىم رىۋايىتى)

سەلەمە ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەيزە ئويناۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا: ‹‹ ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى ئېتىڭلار. ئاتاڭلار ھەقىقەتەنمۇ مەرگەن ئىدى›› دېگەن . (بۇخارى)

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :‹‹ئوق ئېتىشنى (يەنى مەرگەنلىكنى) لازىم تۇتۇڭلار. ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ياكى سىلەرنىڭ ئويۇنلىرىڭلارنىڭ ياخشىدۇر›› (تىبرانى رىۋايىتى)

ئېتىشنى تەرك ئېتىشتىن ياكى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەرگەنلىكنى ئۆگىنىشكە ئۇندەپلا بولدى قىلماستىن، بەلكى يەنە ئۇنى داۋاملىق مەشىق قىلىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن ۋە ئۇنى تاشلاپ قويۇشتىن ياكى ئۇنتۇپ قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن :‹‹كىمكى مەرگەنلىكنى بىلگەندىن كيىن ئۇنى تاشلاپ قويسا ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس. ياكى ئاسىي بولىدۇ›› (مۇسلىم رىۋايىتى)

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ،پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن :‹‹ كىمكى مەرگەنلىكنى بىلگەندىن كيىن ئۇنى تاشلاپ قويسا ،ئۇ بىر نېئمەتكە تانغان بولدى›› يەنە بىر رىۋايەتتە:‹‹كىمكى مەرگەنلىكنى بىلگەندىن كيىن ، ئۇنى ئۆزى خالاپ تاشلىۋەتسە ،ئۇ بىر نېمەتنى تەرك ئەتكەن بولدى. ياكى بىر نېمەتنى ئىنكار قىلغان بولدى.››

**مەرگەنلىكنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە هازىرقى زاماندىكى قىممىتى**

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ جىهادنىڭ باشقا تەييارلىقلىرىغا قارىغاندا ئېتىشقا (يەنى مەرگەنلىككە) پەۋقۇلئاددە ئەهمىيەت بېرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئېتىش (يەنى مەرگەنلىك) مەيلى ئۆتمۈشتە ، مەيلى هازىرقى دەۋردە ۋە مەيلى قايسى دەۋردە بولسۇن جىهادتىكى ، ئۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

دېمەك ،مەرگەنلىك ئەمەلىيەتتىمۇ جىهاد ۋە ئۇرۇش ئېهتىياجلىرى ئىچىدە ناهايىتى مۇهىم ۋە زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. باشقا ئېهتىياجلار بولسا ئۇنىڭغا قارىغاندا ئىككىلەمچى ياكى ئەگەشمە ئېهتىياجلاردۇر.

## ئالتىنچى مۇهاكىمە ـ
## ئىسلام هەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك تەربىيىسىنىڭ ۋاجىپلىقى

بىخەتەرلىكنىڭ ئەسلى مەقستى تىنچلىق ، خاتىرجەملىك ، خەۋپسىزلىك ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەتتۇر. بىخەتەرلىكنىڭ قارشى مەنىسى بولسا خەتەرلىك ، خەۋپلىك ۋە مۇقىمسىزلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەمدى بىخەتەرلىك تەربىيىسىنىڭ مەنىسى ۋە مەقستىگە كەلسەك، ئۇ خەۋپسىزلىك سەۋەبلىرىگە ۋە بىخەتەرلىك ئامىللىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىش ئارقىلىق تىنچلىقنى ۋە بىخەتەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەمدى بىز بىخەتەرلىكنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، قۇرئانى كەرىمدىكى خەۋپسىزلىكنى (يەنى خاتىرجەملىكنى) ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئايەتلەردىن بىر قانچە ئۈزۈندىلەرنى كەلتۈرىمىز:

**«اﷲ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كافىر بولغانلار اﷲنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر»** (نۇر **55** ـ ئايەت)

**« ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان ،ئىمانغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر ، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر. »** (ئەنئام**82** ـ ئايەت)

**«(مۆئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر)نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۆئمىنلەر !) ئەگەر سىلەرگە اﷲنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنە كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار.»** (نىسا **83** ـ ئايەت)

**« ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى:«پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن.»** (ئىبراھىم **35** ـ ئايەت)

**«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، مەقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ اﷲ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، اﷲ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.»** (ئالى ئىمران **96** ـ **97** ـ ئايەت)

**‹‹الله مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ ـ خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) اللهنىڭ نېئمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، الله ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمىنى تېتىتتى.›› (نەھل 112 ـ ئايەت)**

### بۇ يەردە بىخەتەرلىكتىن نېمىنى كۆزدە تۇتىمىز

بۇ ئورۇندا بىخەتەرلىكتىن ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەيلى تەشكىلاتنىڭ بىخەتەرلىكى بولسۇن، مەيلى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكى بولسۇن، مەيلى تەشكىلاتنىڭ ئىگىلىكىنىڭ بىخەتەرلىكى بولسۇن مەيلى تەشكىلاتنىڭ ئاخبارات ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى بولسۇن، مۇشۇ جەھەتلەردە بىخەتەرلىك ۋە تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر ۋە يېتەرلىك بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش ھەم ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شۇ جۈملىدىن، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇش، ئۇلارنىڭ نىيەت مەقسەتلىرىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش ۋە شۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىدە خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان ۋە زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەن ھەرىكىتىنى رازۋېتكا قىلىش،دۈشمەن سېپىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن ئادەم كىرگۈزۈشمۇ ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

### دۈشمەن كۈچلەر ئالدىدىكى بىخەتەرلىك

بىز بىخەتەرلىك ھەققىدە ۋە ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك تەربىيىسىنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە بۆگۈن گەپ قىلىۋاتقان بولساق، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بولسا ۋاقىت ۋە ئىمكانىيەت جەھەتتە بىزدىن ناھايىتى كۆپ ئېشىپ كەتكەن. ئۇلار ئىسلامغا قارشى ۋە ئىسلام دۇنياسىغا قارشى سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭ پىلانلايدىغان بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرىنى ناھايىتى زور ئىمكانىيەت ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلغان.

بىز بۇ يەردە دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىك ۋە خەۋپسىزلىك تەرەپكە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بىرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن «ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى» ھەققىدىكى قىسمەن مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز:

«ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى» يەنى **(C I A) 40** ـ يىللىرى ئامېرىكا ھەربىي پاراخوتلىرى ياپونىيىنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران بولغاندىن كىيىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ ھادىسە ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنى تەسىس قىلىشقا تۈرتكە بولغان.

ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات بىناسى ۋاشىنگتونغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئۈچ گېكتار،يەتتە قەۋەتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، مىڭدىن كۆپ ئىشخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ئىشخانىلىرى **500** دىن كۆپ ئادەمنى سىغدۇرالايدۇ. ئۈچ مىڭدىن كۆپ ماشىنىنى سىغدۇرالايدىغان ماشىنا توختىتىش مەيدانى بار. بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مىليون دوللاردىن كۆپرەك مەبلەغ سەرپ قىلىنغان. بۇ ئاخبارات ئورگىنىنىڭ پەقەت ۋاشىنگتوندىلا خىزمەت قىلىدىغان خادىملىرى **10**مىڭ ئەتراپىدا.

بۇ ئورگاندا خىزمەت قىلىدىغانلار تەتقىقاتچىلاردىن، خىمىيە ئالىملىرىدىن، قانۇنشۇناسلاردىن،ھەربىي ئالىملاردىن، ئاخباراتچىلاردىن، پسىخولوگىيە ئالىملىرىدىن، ئاتوم ئالىملىرىدىن.سىياسىئونلاردىن، جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن ۋە تىلشۇناسلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى تۆت خىل تىلدا بىمالال سۆزلىشەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا **23** خىل تىلنى پۇختا بىلىدۇ.

بۇ ئورگانغا مۇكەممەل كۇتۇبخانا ، ئارخىپخانا، مىكرو فىلىم، ئېلېكترونلۇق مېڭە، خەرىتىلەر، بىۋاستە، تىز تەرجىمە قىلىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق زۆرۈر بولغان زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى سەپلەپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى يالاقچىلىرى ۋە جاسۇسلىرى ئارقىلىق كېلىۋاتقان ئاخباراتلارنى ساقلاش ۋە رەتلەش جەھەتتە ناھايىتى قۇلايلىق ۋە ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە قىلىنغان.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مەيلى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بولسۇن، مەيلى ئەھلى سەلىب كۈچلىرى بولسۇن، مەيلى يەھۇدىي كۈچلىرى بولسۇن ۋە مەيلى كوممۇنىزىم كۈچلىرى بولسۇن، ئىشقىلىپ دۇنيادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەممىسى رازۋېدكا قىلىش، جاسۇسلۇق قىلىش، ئاخبارات توپلاش يوللىرى ئارقىلىق ئىسلامغا قارشى، ئىسلام

ھەركىتىگە قارشى، ئىسلام خەلقلىرىگە قارشى ۋە ئىسلامنىڭ كەلگۈسىگە ئائىت مەسىلىلىرىگە قارشى پىلان تۈزىشىۋاتىدۇ، سۇيقەست پىلانلاۋاتىدۇ.

بۇ رەزىل كۈچلەر مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ دەرد ئەلەملىرى، قانلىرى ۋە جانلىرى ھېسابىغا بولسىمۇ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ پىلانلاش ۋە قوزغىلاڭغا ياردەم بېرىش،ھۆكۈمەتلەرنى ئاغدۇرۇش، مېڭە يۇيۇش ۋە تەشكىلاتلارنى ئۆزىگە تارتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

## بىخەتەرلىك ئىسلام ھەرىكىتى ئۈچۈن مۇقەررەر زۆرۈرىيەتتۇر

ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك تەربىيسىنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە گەپ قىلغىنىمىزدا بىز غاپىل بولۇپ كەلگەن بىر ئىشنى ۋە ئۇزۇن زاماندىن بىرى سەل قاراپ كەلگەن بىر ۋاجىپنى ھېس قىلماي ۋە ئەسكە ئالماي تۇرالمايمىز. چۈنكى ئىسلام ھەرىكىتى پىكرى ۋە تەربىيە جەھەتتىن خېلى كۆپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، سىياسىي ۋە ھەرىكەت ئېڭى جەھەتتە خېلى زور ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ،ئەمما جىھاد ۋە بىخەتەرلىك تەرەپتە ناھايىتى زور دەرىجىدە كەتكۈزۈپ قويغان ۋە ئارقىدا قالغان.بۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىنى ئاسانلا تارمار قىلىشىغا، ئاسانلا ئىسلام ھەركىتىگە سىڭىپ كىرىشىگە ۋە ئىسلام ھەرىكىتىنى ئاسانلا باستۇرۇۋېتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن:‹‹ **مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. سىلەرنى ئېغىزلىرىدا خوش قىلىدۇ، دىللىرىدا (ۋەدىسىدە تۇرۇشنى) خالىمايدۇ (يەنى ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن كۆڭۈللىرى ئاداۋەت، نىفاق بىلەن تولغان). ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر.ئۇلار اﷲنىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشتى، (كىشىلەرنى ) اﷲنىڭ يولىدىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! .››**(تەۋبە8 ـ 9 ـ ئايەت)

بىخەتەرلىك ۋە خەۋپسىزلىك تەييارلىقلىرى ئىسلام ھەرىكىتى ئۈچۈن مۇقەررەر زۆرۈرىيەتتۇر. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

**1)** ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك تەربىيسى ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ۋە ئۆزىگە قارشى تۈزىلىۋاتقان پىلانلار ھەققىدە ئالدىن خەۋەردا بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر

قانداق سەزگۈرلۈكنى يوقاتمايدۇ.ياكى تۈيۈقسىز يۈز بېرىدىغان خەتەرلەرنى شىرىن ئۈيقۇ ئىچىدە كۈتىۋالمايدۇ.

**2)**ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك تەربىيىسى ۋە بىخەتەرلىك تەييارلىقلىرى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ھەر قانداق ھادىسىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى ئالدىن قوللىنىشقا ياردەم بىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ھەرىكىتى تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدۇ. ياكى مەۋجۇدلۇق ئاساسىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

**3)** ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك تەربىيىسى ۋە بىخەتەرلىك تەييارلىقلىرى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى سىرىنى مەلۇم شەخسلەرنىڭ سىڭىپ كىرىۋېلىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن جاسۇسلىرىنىڭ ياكى غالچىلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

**4)** ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك تەربىيىسى ۋە بىخەتەرلىك ھازىرلىقلىرى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يول ۋە پروگراممىلىرىغا يات پىكىر ۋە سىياسەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ھەرىكىتى غەيرى پىكىر ۋە غەيرى قاراشلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

**5)** ئىسلام ھەرىكىتىدىكى بىخەتەرلىك ھازىرلىقلىرى ئىسلام ھەركىتىنىڭ ئومۇمي بىخەتەرلىكىنى زۆرۈر كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. يەنى تەشكىلاتنىڭ بىخەتەرلىكىنى، ئەزالارنىڭ بىخەتەرلىكىنى، ئاخباراتلارنىڭ ۋە ئومۇمي تەئەللۇقاتلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## بىخەتەرلىك تەلەپلىرى

ھەرىكەت ياكى تەشكىلات دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە پائالىيەت نۇقتىلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئەگىشىپ بىخەتەرلىك تەلەپلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە چوڭ دۆلەتلەر موھتاج بولغان بەزى تەلەپلەرگە بەزى كىچىك دۆلەتلەر موھتاج بولماسلىقى مۇمكىن . تەشكىلاتلار موھتاج بولغان تەرەپلەرگە دۆلەتلەر موھتاج بولماسلىقى مۇمكىن .

لېكىن بىز بۇ يەردە تەشكىلات ياكى ھەرىكەتنىڭ ھەجمى قانچىلىك بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بىخەتەرلىككە چوقۇم موھتاج بولغان بىر قانچە گەۋدىلىك تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە قادىرمىز:

## 1 ـ شەخسلەرنىڭ بىخەتەرلىكى

شەخسلەرنىڭ تەھدىتتىن ،كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن ياكى كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشتىن سالامەت بولىشىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە مۇھاكىمىمىزنىڭ ئاخىرىدا تەپسىلي توختىلىپ ئۆتىمىز.

دېمەك ، تەشكىلات ئۆز ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ،ئۇلارنىڭ قانلىرى ۋە جانلىرىنى قوغداش ، ئۇلارنى ھالاكەتكە ياكى تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىشقا دۇچار قىلماسلىق جەھەتلەردە زۆرۈر بولغان سەۋەب تەدبىرلەرنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت زور مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

بۇ سۆز بەزى كىشلەر ئويلىغاندەك ، بىز يۇقىرىدا توختالغان جىھاد تەربىيىسىدىكى پىداكارلىق ئۆزىنى قۇربان قېلىش دېگەن سۆزلەر بىلەن ھەرگىزمۇ زىت ئەمەس. بىخەتەرلىك ئېگى بىلەن جىھاد روھى بىر ـ بىرىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. بەلكى بۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش بىلەن جىھادنى پەرقلەندۈرۈشتىكى بىردىنبىر پاسىلدۇر.

رەھبەرلىكنىڭ بىخەتەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر كەپە يەنى قوماندانلىق مەركىزى بىنا قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان:‹‹ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى ، بىز سەن ئۈچۈن بىر كەپە يەنى ئېگىز راۋاق بىنا قىلىپ بەرمەيلىمۇ، بىز سېنىڭ قېشىڭدا ئۇلغىڭنى تەييارلاپ قويۇپ ،ئاندىن دۈشمەنلەر بىلەن تۇتۇشساق ، ئەگەر الله بىزنى دۈشەنلىرىمىزدىن غالىب قىلسا ، بۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال ئۇنداق بولماي قالسا ، سەن ئۇلغىڭغا مىنىسەندە ئارقىمىزدا (يەنى مەدىنىدە) قالغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېشىغا بېرىۋالىسەن..››

ئەزالارنىڭ بىخەتەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ، ئىسلام چېگرالىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بىر دەقىقىمۇ تاشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ئۇرۇش لىنيىلىرىدىكى نامازنى ئىككى جامائەت بىلەن ئوقۇش يولغا قويۇلغان. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:‹‹ **سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كافىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقۇپ ، نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى تۆت رەكەتنى ئىككى رەكەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كافىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرىۋېتىشتىن يانمايدۇ). (ئى مۇھەممەد!) سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار**

**ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كافىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.››(نىسا 100 ـ 101 ـ ئايەتلەر)**

**2 ـ ھۆججەتلەرنىڭ، ئاخباراتلارنىڭ ۋە مەخپىيەتلىكلەرنىڭ بىخەتەرلىكى:**

ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتسە بولمايدىغان ھۆججەتلىرى، پىلانلىرى ۋە مەخپىيەتلىكلىرى بولىدۇ. چوڭ دۆلەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي پىلانلىرىنى، ھەربىي لايىھىلىرىنى قولىغا چۈشۈرۈش ياكى شۇ دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش سانائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم خىمىيۋى تەركىبلەرنى ياكى باشقا سانائەت مەخپىيەتلىكىنى قولىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن نەچچە مىليونلاپ ئىقتىساد سەرپ قىلىدۇ. بۇ ھال پۈتۈن دۆلەت ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز مەخپىيەتلىكلىرىنى ساقلاشتا قاتتىق ئەستايىدىل بولۇشلىرىغا، ئېھتىيات ئامىللىرى ۋە مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشلىرىگە تۈرتكە بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرى ئەھدىنى بۇزغاندىن كېيىن مەككىنى فەتھى قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەندە، بۇنى پۈتۈن مۇسۇلمانلاردىن مەخپىي تۇتقان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە قا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېگەن :‹‹ ئى اللە بىز قۇرەيشكە ئۆز يۇرتى ئىچىدە زەربە بېرىشىمىز ئۈچۈن بۇ خەۋەرلەرنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ بىلىپ قىلىشىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغىن!››

ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە مەقستى بارلىقى ھەققىدە سورىغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:‹‹اللە بىلەن قەسەمكى مەن بىلمەيمەن›› دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ:‹‹ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغاندا، ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئە قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر پارچە خەت يازدى. ۋە بۇ خەتنى بىر ئايالغا بېرىپ بۇ خەتنى قۇرەيشكە يەتكۈزۈپ بېرىش ھېسابىغا بۇ ئايالغا مەلۇم ھەق بىرىدىغان بولدى. ھاتەبنىڭ بۇ قىلمىشىنى

الله ۋەھىي ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايالنى قوغلاشقا ئەلى ئىبنى ئەبى بىلەن زۇبەيىر ئىبنى ئەۋۋامنى ئەۋەتتى. بۇلار يول ئۈستىدە ئۇ ئايالغا يېتىشۋېلىپ خەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاتەبنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا نېمە سەۋەبتىن مۇنداق قىلدىڭ؟ دېدى. الله بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ اللەقا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە شۈبھىسىز ئىمانىم بار. مېنىڭ ئىمانىمنى ۋە اللەغا بىلدۈرگەن ئەھدەمنى ئۆزگەرتكىنىم يوق. لېكىن مېنىڭ قۇرەيش ئىچىدە ھېچقانداق يىلتىزىم ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىم يوق بىر ئادەممەن. قۇرەيش ئىچىدە مىنىڭ بالام ۋە ئايالىم بار، شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئائىلەمگە يامانلىق قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق قىلغانىدىم.»

ھاتەبنىڭ بۇ قىلمىشى ھەقىقەتەن ئۆلۈمگە ھەقلىق قىلمىش ئىدى. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلماقچى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى االلەنىڭ پەيغەمبىرى مېنى قويۇۋەتكىن، مەن بۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي، چۈنكى بۇ ئادەم مۇناپىق بوپتۇ دېدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىشى باشقىچە ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلىقى ۋە جىھادتىكى ساداقىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلماقچى بولدى ۋە ئۆمەرگە: ئى ئۆمەر سەن بىلمەيسەنكى، الله بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۆئمىنلەرگە قاراپ: سىلەر خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار سىلەرنى كەچۈردۇم دېگەن بولىشى مۇمكىن . ئەنە شۇ چاغدا ھاتەب ۋە ھاتەبنىڭ قىلمىشى ھەققىدە الله ئايەت نازىل قىلدى:« **ئى مۆئمىنلەر ، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزسىلەر، ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار اللّٰەغا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار)، سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.»**

**3 ـ ھەربىي ئىشلاردىكى بىخەتەرلىك**

ھەربىي ئىشلاردىكى بىخەتەرلىك ئىنتايىن مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى

ھەربىي ئىشلاردا بىخەتەرلىكنىڭ يوقلىشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ۋە خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ .

مەسىلەن: ئۇھۇد جېڭىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلغان ئەللىك ئوقياچى (يەنى مەرگەن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلماسلىقلىرىنى قاتتىق تەكىتلىگەنلىكى ، ھەتتا قۇشلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكەن تەقدىردىمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلماسلىقلىرىنى تاپىلىغانلىقىغا قارىماي ، ئۆزلىرى قوغداشقا مەسئۇل بولغان ئورۇننى تاشلاپ قويۇشقان . شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپى ئېچىلىپ قالغان (يەنى موداپىئەسىز قالغان) بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان مۇشرىكلار ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغىچە بېسىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېغىر يارىلاندۇرغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىز چىشلىرىنى سۇندۇرىۋەتكەن ۋە كۆپلىگەن ساھابىلەر ئۆلتۈرۈلگەن .

زاتى رىقا جېڭى ئاياغلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئارمىيىسىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىخەتەرلىك تەدبىرى سۈپىتىدە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇجاھىدلاردىن بىر كىشىنى (ئۇ ئەممار ئىبنى ياسىر ئىدى) ۋە ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنى (ئۇ ئەبباد ئىبنى بەشىر ئىدى) قوشۇننى قوغداشقا يەنى كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلدى .

بۇ ئىككى كىشى ۋەزىپە ئۆتىگىلى چىققاندا ، ئەنسارىلاردىن بولغان كىشى ، مۇھاجىرلاردىن بولغان كىشىگە: مەن كېچىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كۆزەتچىلىك قىلامدىم ياكى كېيىنكى يېرىمىدىمۇ؟ دېدى .مۇھاجىرلاردىن بولغان كىشى: ئەمىسە سەن ئالدىنقى يېرىمىدا كۆزەتچىلىك قىلغىن ، دېدى ــ دە ئۇيقۇغا چۆمدى . ئەنسارىلاردىن بولغان كىشى نامازغا تۇردى . شۇ چاغدا دۈشمەن تەرەپتىن بىر ئادەم كېلىپ ، ئۇباد ئىبنى بىشىرنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئوق ئاتتى . ئۇباد ئوقنى بەدىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇردى . دۈشمەن ئۇنىڭغا يەنە ئىككىنچى ئوقنى ئاتتى . ئۇ ئوقنى تارتىپ ئېلىۋەتىپ نامىزىنى يەنە داۋام قىلدى . دۈشمەن ئۇنىڭغا ئۈچىنچى ئوقنى ئاتقاندىن كىيىن ، ئۇ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ نامىزىنى ئاخىرلاشتۇردى ــ ،دە ھەمراھىنى ئويغاتتى . مۇھاجىرلاردىن بولغان كىشى ئۇيغۇنۇپ ھەمراھىنىڭ ئۇستى ـ بىشىدىكى قانلارنى كۆرۈپ:سۇبھانەللا! ساڭا تۇنجى ئوق تەگكەن ھامان مېنى ئويغاتساڭ بولماسمىدى؟ دېدى . ئەنسارىلاردىن بولغان كىشى: مەن نامازدا بىر سۈرىنى ئوقۇۋاتقان ئىدىم. ئۇنى

ئاخىرلاشماي تۇرۇپ ئۇزۇۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئوق ئارقا ـ ئارقىدىن تېگىۋەرگەچكە ئامالسىز رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ سېنى ئويغاتتىم. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساقلاشقا بۇيرۇغان چېگرىنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن قورقمىغان بولسام، بۇ سۈرىنى ئاخىرىغىچە چۈشۈرۈپ بولغۇچە نەپسىم توختاپ قالسا توختاپ قالاتتىكى، بۇ سۈرىنى ھەرگىز ئوتتۇرىدا ئۈزۈپ قويمىغان بولاتتىم. دېدى .

## تەشكىلاتنى خەتەرگە دۇچار قىلىدىغان خاتالىقلار

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ رېئاللىقى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش جەريانىدا بىزگە ئاشكارا بولغان نەرسە شۇكى، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىپ كەلگەن، ئىسلام ھەرىكىتىنى خەتەرگە دۇچار قىلىدىغان بىر بۆلۈك خاتالىقلار بار بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1 ـ تەشكىلىي ئىنتىزامغا بويسۇنمىغان شەخسى پائالىيەتلەر**

مەسىلەن: تەشكىلات ئەزالىرى ئىچىدىن مەلۇم بىر كىشىنىڭ ياكى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلغان ھەرىكەتلىرى ھەرىكەت جەھەتتە چوڭ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىشى مۇمكىن، بىز ھازىرقى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ رېئاللىقىدىن بۇنداق ھادىسىلەرگە نەچچە ئونلىغان ئەملى مىساللارنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن.ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلىنغان شەخسى ھەرىكەتلەر ئىسلام ئۈچۈن ۋە ئىسلام ھەرىكىتى ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەت يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن تەشكىلاتلارنى ئېغىر مۇسىبەتلەرگە دۇچار قىلغان، ئىسلام ھەرىكىتىنى نەچچە ئون يىللار ئارقىغا چېكىندۈرىۋەتكەن ۋە ئىسلام ھەرىكىتى گەۋدىسىدە ئېغىر جاراھەتلەرنى قالدۇرغان.

دېمەك، ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر بولىدۇكى، بۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ھەرىكەت سىياستىگە،ھەرىكەت پروگراممىسىغا ۋە تەشكىلات ئىنتىزامغا باغلانماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھېسياتىغا ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرىغا باغلانغان بولىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ھەر قانداق بىر مەسىلىدە چەكتىن ئاشۇرىۋاتىدۇ. بۇلار پەم ـ پاراسەتنى، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشنى قورقۇنچاقلىق دەپ چۈشىنىدۇ، پىلان ـ تاكتىكا ۋە سەۋەبلەرگە رىئايە قىلىشنى ئىماني ئاجىزلىق دەپ قارايدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئىسلام ھەركىتىگە بولغان ناھايىتى چوڭدۇر. شۇڭا ئۇنداق كىشىلەردىن

چوقۇم ساقلىنىش ۋە ئۇلارغا چەك قويۇش لازىم.

ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىدە يەنە شۇنداق كىشىلەرمۇ بولىشى مۇمكىن ، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئاساسەن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. دېمەك ئۇلار دەۋەت ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن چاغدا ۋە دەۋەت ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرالىغان چاغدا دەۋەت سېپىدە بولىدۇ. ئەمما دەۋەت ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان چاغدا ،ئۇلار دەۋەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە ۋە سۈيقەستچىلىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ شەخسى غەرەزلىرىنى شەرئى پاكىتلار ئېچىگە يوشۇرۇشقا ئورۇنىدۇ ۋە شەرئى باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۆز ماھىيەتلىرىنى يوشۇرماقچى بولىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىدە يەنە شۇنداق كىشىلەرمۇ بولىدۇ. بۇلار پىشىپ يېتىلمىگەن، ئۆزلىكى مۇكەممەلەشمىگەن ۋە ئىسلام ھەركىتىگە زىيىنى بولمىغان بەزى سىناق ۋە تەجرىبىلەرنىڭ باشتىن ئۆتكۈزمىگەن ئەھۋالدا مەسئۇلىيەت ئورنىغا تۇرغۇزۇلىدۇ. يەنى ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئېگە قىلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئۆسۈشى نورمال بولمايدۇ. يەنى بۇلار ئارقىلىق دەۋەت تەرەققي قىلماستىن، دەۋەت بىلەن بۇلار تەرەققي قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم تۆۋەندىكى ئىككى ھالەتنىڭ بىرى بولىدۇ:

**1)** بۇلار دەۋەتنى ئۆز خاھىشى ۋە ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشقا ئورۇنىدۇ .

**2)** ياكى بولمىسا ئۇلار دەۋەتتىن ۋاز كېچىدۇ ۋە دەۋەتنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئىتى ئۈچۈن سېتىۋېتىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىدە يەنە شۇنداق كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلار ھەمىشە يۇقىرى ئاۋازدا پىكىر قىلىدۇ. سىر ساقلىيالمايدۇ. ھېچ ئىشنى يوشۇرالمايدۇ . ئۇلار تاشلاپ قويسا بولىدىغان ئىش بىلەن تاشلاپ قويسا بولمايدىغان ئىشنى،دېيسە بولىدىغان سۆز بىلەن دېيسە بولمايدىغان سۆزنى ئايرىيالمايدۇ.بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىسلام ھەركىتىگە بولغان خەتىرى ۋە يامان تەسىرىنى تىل بىلەن سۈپەتلەش مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ خاتالىقى تىلغا باغلىنىشلىق بولۇپ، تىلنىڭ مەھسۇلاتى كۆپ كىشىلەرنى قىيامەت كۈنى دوزاخقا دۈم تاشلايدۇ.

تىل بىزنىڭ دۇنيا ئاخىرەتتىكى ھالاكىتىمىزگە سەۋەب بولۇپ قىلىشى مۇمكىن بولغانلىقى ئۈچۈن ،پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىزنى تىللىرىمىزنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان .

### 2 ـ ئىچكى جەھەتتىكى بۆلۈنۈش

ئىچكى جەھەتتىكى نىزا ۋە بۆلۈنۈشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىغاندا ئۇ ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۆزئۆل ـ كېسىل بەربات بولىشىغا سەۋەب بولىشى مۇمكىن . چۈنكى ئىچكى جەھەتتىكى بۆلىنىش ۋە نىزا بولسا سەپنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ۋە ئىختىلاپنىڭ مۇھىم سەۋەبىسىدۇر .

ئىچكى جەھەتتىكى بۆلىنىش ۋە نىزا ئىسلام ھەرىكىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىكى مۇھىم ئامىلدۇر.ئىچكى بۆلىنىش ۋە نىزا دۈشمەنلەر ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىگە سىڭىپ كىرىشكە ، ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە ۋە ئۇنى باستۇرۇشقا پۇرسەت ۋە شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان ئاساسى سەۋەبتۇر .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئاددىي بىر ۋەقە ، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەبۇك غازىتىغا بىرگە چىقمىغان ئۈچ كىشىدىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش ۋەقەسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ۋەقە غەسسانلارنىڭ پادىشاھىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىگە سىڭىپ كىرىشكە ئورۇنۇشقا قىزىقتۇرغان. چۈنكى ئۇ بۇنى ناھايىتى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇ بىر پارچە خەت يېزىپ مەخسۇس ئەلچى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرۇلغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرى بولغان كەئب ئىبنى مالىكقا ئەۋەتكەن. ئەھۋال قانداق بولدى؟

كەئب ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ:‹‹ مەن بازاردا كېتىۋاتاتتىم. توساتتىن بىرىنىڭ كىشىلەردىن مېنى سوراۋاتانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. كىشىلەرنىڭ ماڭا ئىشارەت قىلىشى بىلەن، ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ماڭا غەسسانلار پادىشاھى تەرىپىدىن يېزىلغان بىر مەكتۇپنى بەردى. بۇ خەت بىر پارچە يىپەك رەختكە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:‹‹ئاڭلىشىمىزچە سېنىڭ ھەمراىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى ) سېنى يېتىم قالدۇرۇپتۇ. الله سېنى خارلىق ۋە ئېتىبارسىزلىق يۇرتىدا قىلغان ئەمەس ، سەن بىزگە قوشۇلغىن ، بىز ساڭا ياردەم بېرىمىز . . . . )››

كەئب ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ:‹‹مەن بۇ خەتنى ئوقۇپ ئۆزۈمگە ، بۇ يەنە بىر مۇسىبەت ئىكەن ،مەن، بىر مۇشرىك مەندىن تاما قىلغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قاپتىمەن. دېدىم ۋە ئۇ خەتنى بىر ئوچاقنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم.››

ئىچكى جەھەتتىكى نىزا ۋە بۆلۈنۈش اللەنىڭ غەزىپىنى ۋە نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئىسلام ۋە دەۋەتكە ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى ناھايىتى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئانى كەرىم ۋە سۈننەتلەردە بۇنىڭغا قاتتىق ئازاب ۋە تەھدىتلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :‹‹ پات يېقىندا نۇرغۇن پىرقىلەر (يەنى

ئېغۋاچىلار) مەيدانغا كېلىدۇ. كىمكى بۇ ئۇممەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىشنى پارچىلىماقچى بولىدىكەن كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار» دېگەن .

بىلىشىمىز كېرەككى،ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى ئىسلامىيەت ساھەسىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن كۈزىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ ھەرقانداق پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ.

مەن بۇ يەردە «ئامېرىكا جاسۇسلىقى» دېگەن كىتابتىن بىر مىسالنى كەلتۈرۈشنى لايىق كۆردۈم:

ۋاشىنگتوندىكى «ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى» موسكۋادىكى مەخپىي ئايغاقچىلىرىنىڭ بىرى ئارقىلىق كېرىمىل سارىيىدا خىزمەت قىلىدىغان «ئەندەرىيە» ئىسىملىك بىر سوۋېت ئەمەلدارىنىڭ ھۆكۈمەتتىن ۋە سوۋېت رەھبەرلىرىدىن رەنجىپ يۈرگەنلىكى، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ئۆسۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئۆستۈرۈلمىگەنلىكى ھەققىدە ئاخباراتقا ئېگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى بۇنى كېرىمىل سارىيى ئىچىدە ئىشلەيدىغان بىر جاسۇس يېتىشتۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارىغان. دەرۋەقە ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى بىر پۇختا پىلان تۈزۈپ، ئاخىرى «ئەندەرىيە»نى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ يۈرىكىدە تۇرۇپ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جاسۇسقا ئايلاندۇرغان.

**3 ـ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قىلىش ۋە تەشكىلات مەخپىيەتلىرىنى پاش قىلىش**

ئىسلام ھەرىكىتى ئىچىدە مەلۇم بىر قىسىم كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلار بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىگە سەل قارايدۇ. ئېھتىيات سەۋەبلىرىگە ئەمەل قىلىشتا ئۆزلىرىگە كۆچلۈك تەلەپ قويمايدۇ.اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندا بولسا، بىرەر سىناققا دۇچار بولۇشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغاندەك، ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويىدۇ ۋە ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ھەممە نەرسىنى پاش قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دېمىگەن ھېچنېمىسى قالمايدۇ. الله ھەممىمىزگە مۇستەھكەملىكنى ۋە سالامەتلىكنى ئاتا قىلسۇن!

شۇ جەھەتتىن ئىسلام يولىدا خىزمەت قىلغۇچىلار «الله يولىدا سىناققا دۇچار بولۇشنىڭ مۇقەررەرلىكى» گە قەتئىي ئىشىنىشلىرى لازىم. **«ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ،**

(ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.›› (ئەنكەبۇت 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر)

شۇنىڭدەك ئۇلار ئىهتىيات سەۋەبلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جايىدا قىلىشى، ئاندىن كىيىن اللەقا تەۋەككۇل قىلىشلىرى لازىم. شۇنىڭدىن كىيىن اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىغا مەلۇم سىناق ۋە ئىمتىهان كەلسە، ئۇلار اللەقا مەھكەم ئېسىلىشى، بۇرۇنقى مۆئمىنلەرگە ئوخشاش مۇستەھكەم تۇرۇشلىرى لازىم. ئۇلارمۇ شۇنداق قىيىن شارائىتلاردا، اللەنىڭ يولىدا تاغدەك تەۋرەنمەي تۇرغان، ئەكسىيەتچىلەر ئەجىلى توشقانغا قەدەر ئۇلارنى ئۆز مەيدانىدىن ۋاز كەچتۇرەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلغان ئايەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇشلىرى لازىم.

ئۇلار شۇنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىمكى، ئىسلام يولى جىهاد يولىدۇر ۋە تىكەنلىك يولدۇر. ئۇلار سىناققا دۇچ كەلگەن تۇنجى كىشىلەر ئەمەس ۋە سىناققا دۇچ كەلگۈچىلەرنىڭ ئاخىرىسىمۇ ئەمەس، ئۇلار پەقەت ››ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېهىت بولدى، بەزىسى شېهىت بولۇشنى كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق...›› مۇشۇ كارۋاننىڭ داۋامىدۇر.

ئۇلار چوقۇم ئاخىرەت نېمىتىنىڭلا ھەقىقى نېمەت ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ مۆئمىن ئۈچۈن تۈرمە، كافىر ئۈچۈن جەننەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، مۆئمىننىڭ الله بىلەن ئۇچراشقاندىكى خۇشاللىقىغا ھېچقانداق خۇشاللىقنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشلىرى كېرەك . الله ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دەيدۇ:‹‹ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، مەن بەندەمگە ئىككى قورقۇنچىنى ياكى ئىككى خاتىرجەملىكنى قوشلاپ بەرمەيمەن. ئۇ دۇنيادا مەندىن قورقسا،مەن ئۇنى قىيامەت كۈنى خاتىرجەم قىلىمەن. ئۇ بۇ دۇنيادا مەندىن خاتىرجەم بولسا، مەن ئۇنى قىيامەت كۈنىدە قورقۇنچىغا دۇچار قىلىمەن.››

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام ھەرىكىتىنى ۋە دەۋىتىنى ئەڭ چوڭ خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ بەك كۆپ بولىشىدۇر. دېمەك ئۇلارنىڭ بىلىدىغانلىرى قانچە كۆپ بولسا، تەشكىلاتقا ئىلىپ كېلىش ئېهتىمالى بولغان خەتەرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىغا ئېهتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىلا بىلدۈرۈش. ئارتۇق ئىشلارنى بىلدۈرمەسلىك، تەشكىلات بىخەتەرلىكىنىڭ ۋە دەۋەت مەنپەئەتىنىڭ تۈپ تەلىپىدۇر. شۇڭا دەۋەت سېپىدە خىزمەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرى ئېهتىياجلىق بولمىغان مەلۇماتلارنى بىلىشكە ئورۇنماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇلاردىكى ئارتۇق مەلۇمات ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە دەۋەتكە چوڭ بالا بولۇپ قىلىشى مۇمكىن .

## دۈشمەننىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئىسلام ھەرىكىتى بىر مۇكەممەل تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈرلۈك سىڭىپ كىرىشلەرگە دۇچ كېلىدۇ. چۈنكى ئىسلام ھەرىكىتى دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن كۆزىتىش، رازۋېدكا قىلىش، ۋە ئىشپىيون كىرگۈزۈش نىشانىغا ئايلانغان بولىدۇ.بۇ ھال ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاگاھلىق،تېخىمۇ ھوشيار ۋە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

ھالبۇكى دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە سىڭىپ كىرىشى كۆپ تەرەپتىن ۋە كۆپ يوللار بىلەن بولىدۇ:

### 1 ـ ئادەم كىرگۈزۈش ئارقىلىق سىڭىپ كىرىش

دۈشمەن تەشكىلات ئىچىگە ۋە تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىغا يوشۇرۇن ئادەم كىرگۈزۈش بىلەن سىڭىپ كىرىدۇ.بۇ ھال تەشكىلاتنىڭ(بولۇپمۇ قىيىن شارائىتلاردا) كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش،ئەزا قوبۇل قىلىش جەھەتلەردە «ئالدى بىلەن قاتتىق سىناش، ئاندىن ئىشەنچ باغلاش» قائىدىسى بويىچە ئىش كۆرۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا تەشكىلاتنىڭ دەرۋازىسى كەلگەنلا ئادەم ئۈچۈن ئوچۇق بولماسلىقى، ھەر قانداق كىشىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئۇزۇن مەزگىل سىناش، ئالدى بىلەن كۆزىتىش دائىرىسى ئىچىدە قويۇش، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاش، ھەمكارلىشىش ۋە ۋەزىپىگە قويۇش لازىم.

### 2 ـ پىكىر، چۈشەنچىلەر ئارقىلىق سىڭىپ كىرىش

بۇ دۈشمەننىڭ بىرەر كىشى ياكى بىر بۆلۈك كىشىلەر ئارقىلىق مۇئەييەن پىكىر ۋە يات چۈشەنچىلەرنى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭدۈرۈش. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ غەيرى پىكىرگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ياكى تەشكىلات ئەزالىرى ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش ئارقىلىق تەشكىلاتنى ئەشۇ غەيرى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش يولى ئاقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

ھالبۇكى بۇ خىل سىڭىپ كىرىشنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە بولغان خەتىرى تېخىمۇ چوڭ بولىشى مۇمكىن.چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرى ئەسلىدىكى لىنىيىدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن.بۇ يەردە لۋاندىكى بىر مەشھۇر ئىسلام

تەشكىلاتى ئىسمگە كىلىۋاتىدۇ .

بۇ ئىسلام تەشكىلاتى دەل مۇشۇ خىل سىڭىپ كىرىشكە ۋە بىسمغا دۇچ كەلگەن ، نەتىجىدە بۇ ئىسلام تەشكىلاتى كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ناسىرىيە پىكىرلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن ناسىرىيە پىكىر ئېقىمىغا ئايلىنىپ قالغان .

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتىدىكى پىكرى تەربىيە ۋە ھەرىكەت تەربىيىسىدە چوقۇم موداپىئە بولىشى كېرەك . تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ قايماق بىلەن كۆپۈكنى ، توغرا بىلەن خاتانى ، ھەق بىلەن باتىلنى ۋە ئىسلامدىكى نەرسە بىلەن ئىسلامدىكى رەت قىلىنغان نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈشلىرىگە ئاسان بولىشى ئۈچۈن دەۋەتنىڭ پىكرى ، نىشانلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى چوقۇم ناھايىتى روشەن ۋە ئېنىق بولىشى لازىم .

**3 ـ تايانچىلار ئاقىلىق سىڭىپ كىرىش ياكى مونوپول قىلىش**

بۇ خىل كىرىش كۆپ ھاللاردا يوشۇرۇن بولۇپ ، ئاسانلىقچە بايقىغىلى بولمايدۇ . بۇ خىل سىڭىپ كىرىش ياكى مونوپول قىلىش كۆپ ھاللاردا كاپىتال ۋە مەبلەغنىڭ ھەمدە ئىقتىسادىي تايانچىلارنىڭ كونتروللۇقى ۋە تەسىرى ئارقىلىق يۈز بىرىدۇ . بۇ ئىقتىسادى تايانچىلار تەشكىلات ئىچىدىكى ئەزالار بولىشمۇ ، ياكى تەشكىلاتنىڭ سىرتىكى دوستلىرى بولىشمۇ مۇمكىن .

بۇ ھال دەۋەت تەشكىلىنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزىنى تەكشۇرۇپ تۇرىشىنى ، ئۆز ھەرىكىتىنى ۋە يولىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ، تەشكىلات الله نىڭ شەرىئىتى ۋە ئىسلام مەنپەئەتى ئەندىزىسى ئىچىدىمۇ ، ياكى يۇقۇرقىدەك ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئازراق بولسىمۇ ئۇچراپ قالدىمۇ؟ دىگەن نوقتىدا داۋاملىق تەكشۇرۇش ئېلىپ بىرىشنى زۆرۈر قىلىپ بەلگىلىگەن . قىسقىسى دەۋەت تەشكىلى ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي ياردەم بەرگۈچىلەرنىڭ تەسىرىگە ۋە كونترۇل قىلىشىغا ئۇچراپ كەتمەسلىكى لازىم .

**بىخەتەرلىك تەربىيىسى ۋە قىيىن شارائىتلارغا تاقابىل تۇرۇش**

ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ مۇشكۇل شارائىتلارغا قانداق تاقابىل تۇرىدىغانلىقىغا كەلسەك ، بۇنى قۇرئان كەرىم ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇشەن بايان قىلغان ۋە بۇ ھەقتە بىزگە داغدام يولنى قالدۇرۇپ كەتكەن ،بۇنى تۆۋەندىكى نوقتىلارغا يىغىنچاقلاش مومكىن:

**بىرىنچى؛ قەتئىي بولۇش ۋە بەرداشلىق بېرىش**

شۈبھىسىزكى،ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىرىنچى سۈپەت قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر (قەتئىي بولۇش ۋە تىز پۈكمەسلىك) دۇر. چۈنكى تىز پۈكۈش ۋە چېكىنىشنى ئويلاشنىڭ ئۆزىلا اللەقا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە خىيانەت قىلغانلىقتۇر. چېكىنىش ۋە تېز پۈكۈش ھەققىدە خىيال قىلىشنىڭ جىنايىتى ئەنە شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا ئەمەلىيەتتە چېكىنگەنلىك ۋە تېز پۈككەنلىكنىڭ جىنايىتى نېمە بولىشى مۇمكىن؟! ھالبۇكى بۇ جەھەتتە شەيتاننىڭ ئىنسان كۆڭلىگە كىرىدىغان يوللىرى ۋە ۋەسۋەسىلىرى ھېسابسىز كۆپتۇر. چۈنكى شەيتان ئادەمگە توختىماستىن ئايالنى، باللىرىنى ۋە دۇنيالىرىنى ئەسلىتىدۇ. «**ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقۇتىدۇ. ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار.**» (ئالى ئىمران **175** ـ ئايەت)

دەۋەتچىلەر ئاخىرەت نىمىتىنىڭلا ھەقىقى نېئمەت ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيانىڭ پۈتۈن راھەت مەئىشەتلىرى بىلەن قوشۇپ اللەنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى چوقۇم بىلىشلىرى لازىم. دەۋەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەيلى خالىسۇن. مەيلى خالىمىسۇن، بەرىبىر ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىشلىرى لازىم. شۇڭا شېھىدلىككە ھېرىسمەن بولىشى كېرەك . چۈنكى بۇ ئۇلارنى جەننەتكە ئىلىپ بارىدىغان يولدۇر ۋە اللەنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ ئېسىل زىياپەتتۇر.

شېھىتلىك يولىدا مېڭىۋاتقان ئىمان ئەھلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان يارىتىلغاندىن بۇيانقى ئۇزۇن تارىخ داۋامىدا ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ھەمدە اللەنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە كۆزدە تۇتۇلغان مۆئمىنلەر كارۋىنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئەسلىشى ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك تەسەللىدۇر. «**مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) اللّٰەغا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى ) كۈتمەكتە. ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق.**» (ئەھزاب **23** ـ ئايەت)

ھالبۇكى توخۇ يۈرەكلىك، قورقۇش ۋە قېچىش ھەرگىزمۇ بۇ كارۋاننىڭ خاراكتېرى بولغان ئەمەس. چۈنكى بۇ كارۋان ئۆز ئىمانى بىلەن ھەر قانداق شارائىت ئۈستىدىن غالىب بولۇپ كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ تۆۋەندىكى نىدالىرىغا ئاۋاز قوشۇپ كەلگەن:« **ئى مۆئمىنلەر ! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۇشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان**

**چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرستىڭلار ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اللّٰهنى كۆپ ياد ئېتىڭلار .››** (ئەنفال 45 ـ ئايەت)**«ئۇ مۆئمىنلەر ! كافىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا ، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار)››** (ئەنفال 15 ـ ئايەت)

مۇجاھىدلار ساباتلىق بولۇشقا ۋە ساباتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر بولۇشلىرى ئۈچۈن ، خالىس ئىبادەت بىلەن ، خالىي يەردە اللەنى ئەسلەش بىلەن ، اللەقا چىن دىلىدا دۇئا قىلىش بىلەن اللەقا يۈزلىنىشلىرى ، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش ، ھەممە ئىشلىرىدا اللەنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە اللەقا ئىخلاس قىلىش بىلەن اللەقا يېقىنلىششلىرى لازىم . ‹‹چۈنكى اللەدىن تەقۋا قىلىش دۇشمەنگە قارشى ئەڭ ياخشى تەييارلىقتۇر ۋە جەڭدىكى ئەڭ كۈچلۈك تاكتىكىدۇر››

شۇنىڭدەك ، ئۇلار دۇشمەنلەرگە قارىغاندا ، گۇناھ مەئسىيەتلەردىن تېخىمۇ بەكرەك پەخەس بولۇشلىرى لازىم .‹‹چۈنكى دەۋەتچىلەرنىڭ گۇناھلىرى ئۇلارغا دۇشمەنلىرىدىنمۇ بەك قورقۇنچلىقتۇر›› (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سەئىد ئىبنى ۋەققاسقا قىلغان ۋەسىيەتلىرىدىن)

ھەقىقەتەنمۇ ، ئۇستۇنكى جامائەت (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن باغلانغان ، اللە بىلەن بىرگە ياشايدىغان قەلبلەر اللەدىن ھەر ۋاقىت ياردەمگە ، كۈچكە ،ئىرادىگە ، ئۆتكۈرلۈككە ، ئىززەتكە ۋە غۇرۇرغا ئېرىشىپ تۇرىدۇ. بۇنداق روھىيەتلەر تەۋرەنمەس ، مۇستەھكەم بولۇپ ، اللە يولىدىكى ئۆلۈمنى شېرىن ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭغا كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئىشارەت قىلىنغان . ‹‹شۈبھىسىزكى ، **«پەرۋەردىگارىمىز اللّٰهدۇر» دېگەنلەر ، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار ، غەم قىلماڭلار ، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بۇلۇڭلار،بىز دۇنيادا ، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز ، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار ، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ، ناھايىتى مېھرىبان (اللّٰه) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ .››** (فۇسسىلەت 31 ـ ئايەت)

قۇرئانى كەرىم مۇجاھىدلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا ساباتلىق كۆرستىش ۋە دۇشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئېگە بولۇشلىرى ئۈچۈن ، ئۆزلىرىدە ۋە جامائىتى ئىچىدە ھازىرلىشى لازىم بولغان سەۋەب ۋە خىسلەتلەرنى كۆرستىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**ئى مۆئمىنلەر ! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۇشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرستىڭلار ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اللّٰهنى كۆپ ياد ئېتىڭلار .››** (ئەنفال 45 ـ ئايەت) اللە ئۆزىنىڭ يوليورۇق ۋە تەۋسىيەلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:‹‹ **(پۇتۇن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا ) اللّٰهغا ۋە ئۇنىڭ**

**پەيغەمبىرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا ،(دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، اللّٰه ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.››** (ئەنفال **46** ـ ئايەت) بۇ ئايەتلەردىن غەلبە نۇسرەتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھەقىقى ئامىللارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەر قانداق مۆئمىنلەر جامائىتىنىڭ بۇ ئامىللارنى ئىشقا ئاشۇرالماستىن نۇسرەت قازىنالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئامىللار:

**1 ـ اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرگە ئىتائەت قىلىش**

مۆئمىنلەر جامائىتى پەرۋەردىگارىغا ۋە پەيغەمبىرگە ئىتائەت قىلىشقا ھېرىسمەن بولىشى، ھەممە نەرسىدە پاكىزە، ھالال بولغىنىنى ئىزدىشى، ھارام ۋە پاسكىنا نەرسىلەردىن ساقلىنىشى، ھەممە ئىشلىرىدا اللەنىڭ قانۇنىنى چىڭ تۇتىشى، ئىنسانىنىڭ خاھىشى ئاستىدا تۈزۈلگەن قانۇنلارنى ۋە تاغۇتنىڭ قانۇنلىرىنى اللەنىڭ قانۇنىنىڭ ئالدىغا قويماسلىقلىرى لازىم.

مانا بۇ اللەنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدە كۆزدە تۇتۇلغان جامائەتتۇر. **‹‹اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى اللّٰه ۋە اللّٰهنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللّٰهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.››** (ئەھزاب **36** ـ ئايەت)

**2 ـ سەپنىڭ بىرلىكى**

مۆئمىنلەر جامائىتى اللەقا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرگە ئىتائەت قىلىشقا قانچىلىك ھېرىسمەن بولسا، ئۆز سەپلىرىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشقا ۋە ئەزالىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشقا شۇنچىلىك ھېرىسمەن بولىدۇ. چۈنكى روھنىڭ ئاجىزلىششى ۋە ھەقىقەتتىن قىيىپ كېتىشى سەپنىڭ ئاجىزلىششىنىڭ ۋە چۇۋۇلىشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبىدۇر.

مۆئمىنلەر جامائىتى سىيپى پارچىلانمىغان، ئىختىلاپ ۋە ئىچكى نىزاغا يول قويمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دۈشمەنلىرىنىڭ قانچىلىك قانخور ۋە غالجىر بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىرىگە مەڭگۈ باش ئەگمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، اللە ئاگاھلاندۇرغان ئەڭ زور ئاپەت يۈز بىرىدۇ. **‹‹ئىختىلاپ قىلىشماڭلار ،بولمىسا ،(دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ.››** (ئەنفال **46** ـ ئايەت)

**3 ـ سەۋرى قىلىش (يەنى چىدامچان بولۇش)**

مۇجاھىدلار جامائىتىنىڭ ساباتلىق بولۇشىنىڭ بىرىنچى شەرتى ئىمان بولسا، سەۋرچانلىق ئەشۇ ئىمانىنىڭ يېرىمىدۇر . مۇجاھىدلارغا نىسبەتەن سەۋرچانلىق ئۇلارنى اللەقا يەتكۈزىدىغان شوتادۇر. ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن نۇسرەت تاپقۇزىدىغان يولدۇر.

مۆئمىنلەرنىڭ باسىدىغان يولى تىكەنلىك ۋە ئەگرى توقاي، بەلكى قورقۇنچلىق ۋە خەتەرلىك يولدۇر. سەۋرچانلىق بولمىغاندا بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.

مۆئمىنلەر دۇچ كەلگەن ماددىي ۋە جىسمانىي سىناقلارنى پەقەت سەۋرچانلىقلا يەڭگىللىتەلەيدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ ماللىرىغا، جانلىرىغا ۋە مەھسۇلاتلىرىغا يەتكەن زىيانلارنىڭ ئورنىنى پەقەت سەۋرچانلىقلا تولدۇرۇپ بىرەلەيدۇ.

مۆمىنلەرگە كەلگەن روھى بېسىم، ئائىلە بېسىمى ۋە ئىجتىمائىي بېسىملارنى پەقەت سەۋرچانلىق ۋە اللەدىن ئەجرى ساۋاب كۈتۈشلا يەڭگىللىتەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتىدۇ:« مۆئمىنىنىڭ ئىشىغا ئەجەبلىنىمەن، ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر. بۇ مۆئمىندىن باشقىغا نېسىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا خۇشاللىق كەلسە، ئۇ مىننەتدار بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، ئۇ سەۋرى قىلىدۇ. بۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر» (ئەھمەد رىۋايىتى)

**ئىككىنچى، تەييارلىق قىلىش**

قۇرئانى كەرىم مۇجاھىد مۆئمىنلەرنى ساباتلىق بولۇشقا،اللەنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىشقا، الله قا تەۋەككۇل قىلىشقا، چىدامچان بولۇشقا ۋە سەپنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشقا ئۈندەيدىغان ناھايىتى كۆپ ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مۆئمىنلەرنى ھەممە تەرەپتىن ۋە مۇكەممەل سەۋىيىدە تەييارلىق كۆرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان قەتئىي، روشەن ۋە كەڭ مەزمۇنلۇق ئايەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:« **ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئۇچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويغىن).اللە ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ. (بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كافىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى**

**ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، اﷲ تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ اﷲ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ).»** (ئەنفال **58 ـ 59 ـ 60** ـ ئايەتلەر)

سەۋەب قىلىنىسىمۇ،ھازىرلىق كۆرىنىسىمۇ غەلبە نۇسرەت ئاسماندىن چۈشىدۇ دېگەن قۇرۇق خىيال بىلەن ماددىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈشكە ئېتىبار بەرمەيدىغان ۋە ئۇنى ئارتۇقچە ئىش دەپ قارايدىغان كىشىلەر بىر بولسا، ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلەر ھەققىدە بىلجىرلايدىغان ئازغۇن نادانلاردۇر.ياكى بولمىسا ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا سۇيقەست قىلىشۋاتقان ئېزىتقۇ مۇناپىقلاردۇر. بولۇپمۇ ئىسلامغا قارىتىلغان خىرىس ئېغىرلىقى گەپ ۋە لوگىكا بىلەن بولماستىن بەلكى كۈچ ۋە ياۋايىلىق بىلەن بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق.

**3 ـ بىخەتەرلىك تەربىيىسى**

ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلام دىنى مەيلى تەربىيە جەھەتتە ۋە مەيلى قانۇن ـ تۈزۈم جەھەتتە بولسۇن بىخەتەرلىك تەرەپلەرگە ھېچقانداق ئەھمىيەت بەرمىگەن، دېگەن خاتا ئىدىيە بىلەن ياشاپ كەلمەكتە. بۇلار «رەببانىيلىق ۋە تەۋەككۇل قىلىش» نى بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ۋاستە ۋە سەۋەبلەردىن ئايرىپ چۈشۈنىدۇ. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلام تارىخىدا ئىسلام دۈچ كەلگەن سۇيقەست ۋە ھىيلە نەيرەڭلەر ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمىگەن بۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «رەببانىلىق بىلەن تەۋەككۇل قىلىش» خۇددى «پىلانسىز ئىش قىلىش ۋە تەقدىرگە يۆلىنىۋېلىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگىدەك قىلىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىنى ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىنى قۇرئان كەرىم نۇقتىسىدىن ، سۈننەت نۇقتىسىدىن ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتلىق تارىخىدىكى ئىسلام ھەرىكىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن ۋە تەكشۈرگەن كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىسلامدىكى بىخەتەرلىكنىڭ يارقىن سۈرەتلىرى نامايان بولماي قالمايدۇ.

## بۇ ئورۇندىكى بىخەتەرلىكتىن مەقسەت نېمە؟

بۇ يەردىكى بىخەتەرلىكتىن مەلۇم بىر ھەرىكەتنىڭ ياكى تەشكىلاتنىڭ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى، ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە ئاپپاراتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش

يولىدا تۈزگەن سىياسىي تەدبىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆزىگە قارشى بولغان كۈچلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ۋە پىلان ـ مەقسەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇش، شۇ ئاساستا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ رەزىل پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇن كۆزىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇشمۇ بىخەتەرلىك مەزمۇنلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

## ئىسلامنىڭ بىخەتەرلىككە پرىنسىپ جەھەتتىن تۇتقان پوزىتسىيىسى

ئىسلام دىنى پرىنسىپ جەھەتتىن ئېھتىيات سەۋەبلىرىنى جايىدا قىلىشقا، ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىماسلىققا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

مۆئمىنلەرنى ئېھتىياتچانلىق ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن تەربىيىلەش يۈزىسىدىن الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:«**ئۇلار (ساختا ۋە مۆئمىنلەرگە ) دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن.**» (مۇنافىقۇن **4** ـ ئايەت)

الله تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:« **ئۇلارنىڭ اللّٰه ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرىشىدىن ساقلانغىن.**» (مائىدە**49** ـ ئايەت)

الله تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:« **ئى مۆئمىنلەر ! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار.**» (نىسا **71** ـ ئايەت)

مۆئمىنلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى بىلىۋېلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە قارىتىش يۈزىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر قەۋمنىڭ تىلىنى ئۆگەنسە ،شۇ قەۋمنىڭ ھىيلە ـ نەيرىڭىدىن ئامان بولىدۇ.»

مۆئمىنلەرنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئالداپ كېتىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىدىن پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن، قۇرئانى كەرىم دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە ۋە ئۇسۇللىرىنى پاش قىلىدۇ:« **ئۇلار:«بىز چوقۇم سىلەر (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار) دىن»دەپ ، اللّٰه بىلەن قەسەم ئىچىدۇ.ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار (زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ ، ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان) قورقۇنچاق قەۋمدۇر.**» (تەۋبە **56** ـ ئايەت)

مۆمىنلەرنى سىر ساقلىيالايدىغان ۋە ماتېرىياللارنى يوشۇرالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش يۈزىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھاجەتلىرىڭلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا سىر تۇتۇشتىن پايدىلىنىڭلار»

ئەمەلىيەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىدە ، بولۇپمۇ چوڭ ۋە مۇھىم ئىشلاردا تۇتقان يولى ئەنە شۇنداق بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەندە، كىشىلەرنى ھازىرلىق كۆرۈشكە چاقىرغان، ئەمما قەيەرگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى يوشۇرۇن تۇتقان ۋە بۇ مەخپىيەتلىكنى قۇرەيشنىڭ بىلىپ قالماسلىقىنى الله دىن تىلىگەن .

## بىخەتەرلىك تەربىيىسىدىكى ئەڭ روشەن تەركىبلەر

ئىسلام ھەرىكىتى ھەققىدە دېيىلگەن سۆزلەر ۋە ئىسلامغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئۈستىدە مۇنداقلا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، ئىسلام پەرىز قىلغان بىخەتەرلىك شەكىللىرى ۋە تەركىبلىرى ئىچىدە كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان ۋە گەۋدىلىك بولغانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەپ چىقىش مۇمكىن .

**1 ـ مەخپىي قىلىش ۋە يوشۇرۇش**

ئىسلام ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىنىڭ ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنىڭ يۈزەكى ۋە ئاددىي ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.**‹‹ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى تەۋرەتكۈدەك چوڭ بولسىمۇ. . .›› (ئىبراھىم 46 ـ ئايەت)**

شۇڭا ئىسلام ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئىشلارنى مەخپىي ئېلىپ بېرىشنى ئۆگەتكەن ۋە شۇ ئاساستا تەربىيىلىگەن .

تۇنجى دەۋەت باشلانغاندا، مۇسۇلمانلار ئەرقەمنىڭ قورۇسىغا يىغىلاتتى. ئۇلارنى مۇشرىكلار بىلمەيتتى .مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ باسقۇچتا قوللانغان سىياسەت ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرى ئىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغان كۈنىدە، قېرىندىشى ئەبۇ بەكرى بىلەن يوشۇرۇنچە چىقىپ كەتكەن. بۇ ئىككىيلەننىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە قايسى تەرەپكە ماڭغانلىقىنى مۇشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى .

**2 ـ ئىشلارنى پەردە ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىش**

ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى باشقا ئىشلار بىلەن يۆگەش ۋە دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇشنىڭ ئىسلامدا يولغا قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ كەسكىن پاكىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ھىجرەت جەريانىدا قوللانغان تەدبىرلىرىدۇر.

مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى مۇشۇ قىسقا سەپەردىن، بىز بىخەتەرلىكنى مەزمۇن قىلغان بىر مۇنچە دەرسلەرنى ئۆگىنەلەيمىز:

بىرىنچى،پەۋقۇلئاددە قىيىن شارائىتلاردا رەھبەرلىكنىڭ كىشلەرنىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرۇن تۇرۇشىنىڭ ۋاجىپلىقى

ئىككىنچى،يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن‹‹سۇر غارى››نى تاللاشنىڭ ئۆزىلا قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى قايمۇقتۇرۇش جەھەتتىكى يۇكسەك تەبىر ئىدى. چۈنكى سۇر غارى مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمراھىنى چوقۇم ماڭىدۇ دەپ قارىغان مەدىنە يولىغا جايلاشمىغان ئىدى.

ئۈچىنچى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى غاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋاتقان مەزگىلدە قوللانغان بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە تۈزۈلگەن ئىدى:

1) ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى مەككىدە بولىۋاتقان كۇندىلىك خەۋەرلەرنى يوشۇرۇن ئىگىلەپ غارغا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل قىلىش.

2) ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمانى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل قىلىش.

3) ئامىر ئىبنى پەھرەنى ھەر كۈنى قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ سۇت بىلەن تەمىنلەشكە ھەمدە مۇشرىكلارنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قويلارنى ھەيدەپ غارغا كېلىپ كەتكەن ئىزلارنى قوي تۇياقلىرى بىلەن ئۆچۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش.

4) ئابدۇللا ئىبنى ئەرىقەتۇللەيسنى مەدىنىگە بارىدىغان سەپەردە يول باشلىغۇچى بولىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش.

### 3 ـ يوشۇرۇن ئاخبارات ئىگىلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى قۇرەيش ئىچىدە بولىۋاتقان كۇندىلىك ئاخباراتلارنى يوشۇرۇنچە ئىگىلەشكە تەكلىپ قىلىشى ھەرگىزمۇ دەۋەت باسقۇچلىرىدىن بىر باسقۇچقا خاس بولغان ئايرىم ئەھۋال ئەمەس، بەلكى مەخپىي ئاخبارات ئىگىلەش بولسا ھەر قانداق شارائىت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا قوللىنىش زۆرۈر بولغان سياسىي تەدبىردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى الله ھەر ۋاقىت ھىمايە قىلاتتى. جىبرىئىل مۇشرىكلارنىڭ كۆپلىگەن پىلانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۇرۇپ تۇراتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەستلەپ ئۆلتۇرۇش پىلانىنىمۇ

قۇرئانى كەرىم ناھايىتى ئېنىق ھېكايە قىلغانىدى:‹‹ **(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كافىرلار سېنى قاماقىقا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، اﷲ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، اﷲنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر.›› (ئەنفال 30 ـ ئايەت)**

سىز ئويلاپ بېقىڭ! ۋەھيي ئارقىلىق ھىمايە قىلىنىۋاتقان كىشى ئېھتىيات ۋە بىخەتەرلىك سەۋەبلىرىگە شۇنچە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان تۇرسا، ئەمدى ئارىلىرىدا پەيغەمبەر بولمىغان ۋە ۋەھيي نازىل قىلىنمايدىغان كىشىلەر قانداق قىلىشى كېرەك ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان يوشۇرۇن ئاخبارات ئىگىلەش سىياستى بۇنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن لاياقەتلىك ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىشنى ۋە مەخسۇس مۇشۇ خىزمەت بىلەن بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى جامائەت گەۋدىسىنى ساقلاپ قىلىشتا، جامائەتنىڭ ئامانلىقى ۋە سالامەتلىكىنى قوغداشتا بۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور ئىدى.

ئىسلامنىڭ چېگرالىرىنى ۋە ئىستىراتېگىيىلىك جايلىرىنى ساقلاش، قوغداش ۋە چارلاشمۇ ئىسلام پەرز قىلغان رازۋېدكا قىلىش ۋە يوشۇرۇن ئاخبارات ئىگىلەش مەزمۇنىغا كىرىدۇ. مەسىلەن: ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ياكى كەسكىن ۋە جىددىي ئورۇنلاردا پەرز نامازلارنى ئۆتەشكە توغرا كەلگەندە بىر قىسىم جامائەتنىڭ كۆزەتچىلىك قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن قالدۇرۇلىشنى، ئالدىنقى جامائەت نامازدىن قايتقاندىن كېيىن ئاندىن ئوقۇشنى ئىسلام شەرئىتى ھۆكۈم قىلغان. ‹‹**سەپەرگە چىققان ۋاقىتىڭلاردا كافىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى تۆت رەكەتنى ئىككى رەكەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كافىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرىۋېتىشتىن يانمايدۇ). (ئى مۇھەممەد!) سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن،**

**(دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كافىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.›› (نىسا 102 ـ ئايەت)**

## 4 ـ جىھاد تەربىيىسى

ئىسلام مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە سالامەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىخەتەرلىك ۋە ئېھتىيات سەۋەبلىرىگە ئومۇميۈزلۈك ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇپلا قالماستىن، يەنە شۇ جامائەت ئەزالىرىنى تەربىيىلەشتە جىھاد يولىنى ۋە جىھاد روھىنى ئاساسى ئورۇنغا قويىدۇ. چۈنكى جىھاد تەربىيىسى بۇ جامائەتنى دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا بەرداشلىق بېرىش ۋە ھىيلە ـ مىكرىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا تېخىمۇ كۈچلۈك مۇستەھكەم ئاساسلارغا ئىگە قىلىدۇ. بىز جىھاد تەربىيىسى ئۇسۇللىرىدىن مىسال سۈپىتىدە بىر قانچىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

**1)** قىيىن شارائىتلار يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنى قىيىن شارائىتلارغا ماسلىشالايدىغان ۋە بەرداشلىق بىرەلەيدىغان قىلىپ چېنىقتۇرۇش. مەسىلەن: يېرىك تاماقلارغا ئادەتلىنىش، يېرىك يەردە ئۇخلاشقا ئادەتلىنىش، يېرىك كىيىملەرگە ئادەتلىنىش ۋە يېرىك مۇئامىلىلەرگە ئادەتلىنىشكە ئوخشاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ‹‹يىرىك تۇرمۇشقا ئۈگۈنۈڭلار، چۈنكى نېئمەتلەر مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ›› پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:‹‹اللەنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ئادديي كۆرۈپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن يۇقىرىدىكى كىشىلەرگە قارىماڭلار، بەلكە سىلەردىن تۆۋەندىكى كىشىلەرگە قاراڭلار››

**2)** پايلاقچىلارنىڭ كۈزىتىشىنى ۋە سۈيقەستچىلەرنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى بىكار قىلىش ۋە قايمۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن بىر يول بىلەن بېرىپ ـ كېلىش ، بىر خىل كىيىم كىيىش ۋە بىر خىل ئۇلاغقا مىنىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۈندىلىك ئادەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا، يەنى بۇ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىش.

**3)**تەشكىلات ۋە ھەرىكەتكە ئالاقدار ئىشلاردا ئۆز ئېھتىياجىغا لايىق مەلۇماتلارغىلا ئىگە بولۇشقا، ئارتۇقچە ئىشلارنى بىلىشكە ئورۇنماسلىققا ئادەتلىنىش.

**4)** خىزمەتلەرگە ۋەدە قىلىنغان ئورۇن ۋە ۋاقىتلارغا ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلىنىش، چۈنكى بۇ جەھەتتىكى بىپەرۋالىق دەۋەت خىزمەتلىرىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ۋە دەۋەتنى ئورۇنسىز قىيىنچىلىقلارغا ۋە خەتەرلەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن .

## بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ئېھتىيات ئۇسۇللىرى

بىز بۇ يەردە پەلەستىنىدىكى پىدائىيلارنى بىخەتەرلىك جەھەتتە تەربىيىلەشنىڭ قانداق ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى نەشىر قىلغان «بىخەتەرلىك» ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنغان بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىدىن قىسمەن ئۈزۈندىلەرنى كەلتۈرىمىز. بۇ ئەسەرنىڭ ئالتىنچى بۆلىكى بولغان «ئەزالارنىڭ بىخەتەرلىكى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا مۇنداق دېيىلىدۇ :

« ھەرقانداق ۋەزىيەتتە ئۆتكەندە پايلاقچىلارنىڭ كۆزىتىشلىرىنى بايقىۋالىدىغان تەدبىرلەر بولۇشى لازىم. تۆۋەندىكى بۇ سىناقلار مۇتلەق قائىدە ئەمەس،بەلكى ئورۇن ، ۋاقىت ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ بۇنىڭدىن جانلىق پايدىلىنىش لازىم. بىز پەقەت تۆۋەندىكى مىساللار بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز:

ـــ خالىتا كوچىلاردا مېڭىش ۋە ئارقاڭدا مېڭىۋاتقان كىشىنى كۆزىتىش.

ـــ باشتا كەلگەن نۇقتىغا قايتىپ بېرىش،بۇ جەريانىدا ئارقاڭدىن ماڭغان كىشىنى تونۇۋېلىش.

ـــ ئادەم شالاڭ كوچىدا مېڭىش ۋە ئارقاڭدىكى كىشىنى كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان تەبىئىي ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىش.

ـــ ئارقاڭدا ماڭغان كىشىگە قاراشقا پۇرسەت چېقىرىش ئۈچۈن، مېڭىش جەريانىدا يانچۇقىڭدىن بىرەر نەرسىنى تەبىئىي ئۇسۇل بىلەن يەرگە چۈشۈرىۋېتىش ۋە ئۇنى ئېلىش ئارىلىقىدا ئارقاڭغا قارىۋېلىش.

ـــ مېڭىش جەريانىدا مەلۇم باھانە بىلەن سۈرئەتنى ئاستىلىتىش ۋە تېزلىتىش

ۋە بۇنىڭغا كىمنىڭ دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىش .

ــــ ئارقاڭدا قالغان ياكى مېڭىۋاتقان كىشىلەرنى كۆزىتىش ئۈچۈن مۇناسىپ ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىش .

ــــ ھەر قانداق ۋەزىپە ئۆتىگەندە ، ئۇنىڭغا پايدىسىز ئامىللاردىن يىراق بولۇش . مەسىلەن: كىشىلەر قىستىلىشىپ كەتكەن قەھۋەخانىدا قارشىسىغا ماڭماسلىق .

ــــ مەيلى تۇرىۋاتقان مەھەللىدە ، ياكى خىزمەت ئورنىدا ۋە ياكى ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا بولسۇن ، ئاۋارىچىلىقتىن يىراق بولۇش ، چۈنكى ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىغان كىشىلەرگە ھەممىلا كىشى دىققەت قىلىدۇ . ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا ئاۋارىچىلىققا يولۇقۇش شۇ ۋەزىپىنىڭ پاش بولۇپ قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قىلىشى مۇمكىن .

ــــ ئامانلىق تەرەپتىن مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش . مەسىلەن: سۈرەت تارتىش چەكلەنگەن ئورۇندا سۈرەت تارتىشقا ئوخشاش ياكى مېڭىش چەكلەنگەن ئورۇنلاردا مېڭىشقا ئوخشاش . سەن ھەربىي بازىلارنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالما .

ــــ سەن مۇئەييەن بىر خىل ئادەتنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالمىغىن ، مەسىلەن: ئۆيگە قايتىش ياكى ئۆيدىن چىقىشتا مۇئەييەن بىرلا يولغا ئادەتلەنگەنگە ئوخشاش ، ياكى كۈندىلىك ئېھتىياجلىرىڭىزنى پەقەت بىرلا ئورۇندىن ئورۇنداپ ئادەتلەنگەنگە ئوخشاش ، ياكى بىر خىل قاتناش ۋاستىسىگە ئادەتلەنگەنگە ئوخشاش ۋە ياكى بىر خىل رەڭ ۋە بىرخىل شەكىلدىكى كىيىمنى كىيىشكە ئادەتلەنگەنگە ئوخشاش .

ــــ سەن كىملىك كېنىشكەڭنى داۋاملىق يېنىڭدىن ئايرىما .

ــــ زۆرۈر بولمىغاندا خىزمەتكە ئالاقىدار ۋاراقچىلارنى يېنىڭدا ئېلىپ يۈرمە .ھەر كۈنى كەچتە يانچۇقىڭدىكى ۋاراقچىلارغا ئوبدان دىققەت قىل .

ــــ سەن سەپداشلىرىڭنىڭ ئىسمىنى تىزىملىما .يازغان نەرسىلىرىڭنى ساقلايدىغان مەخسۇس ئورۇن بولسۇن .

# ئايرىم مۇھاكىملەر

## تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى گىرىپتار بولغان ئەڭ خەتەرلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى تەشكىلى ئىقتىدارىنىڭ شەرىئەت بەلگىلىگەن ۋە زامان تەلەپ قىلغان سەۋىيەدىن ئارقىدا قېلىشتۇر. ھالبۇكى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەشكىللەش جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقىقا شەرىئەتتىن باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىشكە ئورۇنىدۇ .

تەشكىلي ئىقتىدار ۋە پاراسەتنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى تەشكىلى قائىدە ۋە ئاساسلارنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىق . شۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ قائىدە ۋە ئاساسلارغا قارشى ئىش كۆرۈش .

تەشكىللەش جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراسەت تۆۋەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى ئەمىلى مەۋجۇد بولغان ئىشلار بىلەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ‹‹مۇھىمىنى ئالدىغا قويۇش قائىدىسى››گە قارشى ئىش ئېلىپ بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەمىلى ھەرىكەت جەريانىدا تەشكىلاتنىڭ ئەقەللىي تەرتىپلىرىنىمۇ قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىش .

تەشكىللەش جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى مەيلى ھەرىكەت ۋە مەيلى گەپ ـ سۆزلەردە بولسۇن سان بىلەن سۈپەتكە ئۆلچەم بېكىتمەسلىك ۋە سان بىلەن سۈپەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنى قانچىلىك قىلىش بىلەن قانداق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلالماسلىق . بۇنداق ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى يامان ۋە زىيانلىقتۇر .

تەشكىللەش جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىلىرىدىن

بىرى ۋاقىتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەسلىك ۋە ئورۇنلاشتۇرالماسلىق .نەتىجىدە ۋاقىتتىن توغرا ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىق ، ھالبۇكى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى تەييارلىق كۆرۈش ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ، ئىسلامغا ۋە ئىسلام ئەھلىگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەش جەھەتلەردە مىنۇت ۋە دەقىقىلەرنىمۇ قولدىن بەرمەيۋاتقان ئەھۋالدا ۋاقىتتىن توغرا ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىقنىڭ ئۆزى ۋاقىتنى ئىسلام مەنپەئەتىنىڭ غەيرىگە سەرپ قىلغانلىقتۇر .

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى ، تەشكىلىي جەھەتتىكى ئەقىل پاراسەتنىڭ تۆۋەنلىكى ئىسلام خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئىسلامى خىزمەتلەردىكى ئوڭۇشسىزلىق بولسا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىدۇر . چۈنكى ئىسلام ھەرىكىتى مەيلى تەربىيە جەھەتتە ، مەيلى سىياسىي جەھەتتە ۋە مەيلى جىھادى تەرەپلەردە بولسۇن ھەممە ئىشنى ئۆز ئورنىغا قويالايدىغان ،ئاندىن اللەنىڭ ياردىمىگە تايانغان ئۆتكۈر ئەقىللەرنىڭ پەرۋىش قىلىشى ۋە تەشكىللىشى بولمىسا ، ھەرگىزمۇ تەلەپ قىلىنغان سەۋىيىگە يېتەلمەيدۇ ۋە ئىزدەنگەن نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ، گەپ ـ سۆزلىرىنى ۋە ھەربىر قەدەملىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن ھەر بىر كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەشكىللەش سەنئىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئەڭ يۇكسەك ئىنچىكە سۈرەتتە نامايەن بولىدۇ .

مىسال ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتساق ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتىنىڭ ئۆزىدىلا بىز ئۆگىنىشكە ، مۇلاھىزە قىلىشقا ۋە ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان تەشكىلى نامايانلىدەر بار:

**1**)مەككىدىن ئايرىلىپ سۆر غارىغا بېرىۋالغۇچە مۇشرىكلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆز كارۋىتىدا يېتىپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرىشى .

**2**) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چوقۇم مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ ، دەپ بىلگەن مۇشرىكلارنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ، مەدىنە يولىنىڭ قارشى يۆنىلىشىگە جايلاشقان سۆر غارىنى تاللىشى

**3**)ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى مەككىدە بولىۋاتقان خەۋەرنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا مەسئۇل قىلىشى .

**4**)ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرىنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل قىلىشى .

**5**)ئامىر ئىبنى بەھرەنى قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ سۈت بىلەن تەمىنلەشكە

ھەمدە قوي ئىزلىرى بىلەن غارغا كېلىپ كەتكەن ئىزلارنى ئۆچۈرۈشكە مەسئۇل قىلىشى.

**6)** مۇشرىكلاردىن بولغان بىر كىشىنى مەدىنىگە باشلاپ بارىدىغان يول باشلىغۇچى بولىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشى

ھەممىدىن خەۋەردار ۋە ھەممىنى بىلگۈچى زات اللە نىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ۋەھيىسى بىلەن ھىمايە قېلىنىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانچە ئۇنلىغان ھادىسىلەر ئىچىدىكى ئاشۇ بىر ھادىسىلا ئەنە شۇنداق بىر قاتار پىلان ـ تەدبىرلەرنى ئىشلەتكەن تۇرسا، ئەمدى ۋەھيي توختىغان، ئىشلار تېخىمۇ قىيىنلاشقان، جاھاننى دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرى قاپلاپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇنداق سۈننەتلىرىدىن يورۇقلۇق ئىزدىمەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىزىغا ئەگەشمەيدىغان ئىسلام خادىملىرىغا ۋە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلارغا نېمە دېيىش كېرەك ؟ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈدىغان كۆزلىرى،ھەقىقەتنى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟! ھەتتا ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ تەشكىللەش جەھەتتىكى ئەستايىدىللىقى، ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە ئىقتىدارلىرىدىنمۇ ساۋاق ئالمىسا!!!

شۈبھىسىزكى، ئىسلام بىزدىن مەيلى دىنى ئىشلىرىمىزدا بولسۇن، مەيلى دۇنيا ئىشلىرىمىز بولسۇن، ھەممە جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىنى يارىتىشىمىزنى ۋە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئۇلۇغىدۇر. بىز ئۇنى ياخشى مىنەلمىسەك، ئۇنى ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆندۈرەلمىسەك، ئۇنداقتا، بۈگۈنكىگە ئوخشاش، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنى بىزگە قارشى كۆندۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە تىگىدۇ.

تەشكىللەش ۋە تەشكىللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېسسىي (يەنى ماددىي) ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى كۈچ ـ سەۋەبلىرىنى (يەنى ھازىرلىقلىرىنى) جايىدا ئىلىپ بېرىش شەرىئەت بەلگىلىگەن پەرز بولۇپ، بۇنى تاشلاپ قويۇشقا ۋە بۇنىڭغا سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇنىڭ پاكتى اللەنىڭ سۆزىدۇر. « سىلەر دۈشمەنلەر (بىلەن كۈرەش قىلىش) ئۈچۈن ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار.» يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىڭ مۇلاھىزىگە ئورۇن بولمىغان كەسكىن ۋە ئوچۇق سۆزلىرىدۇر:« اللە ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قانداق ئىش قىلسا ئۇنى پۇختا قىلىشنى ياخشى كۆرۈدۇ .» شۇنىسى ھەقىقەتكى كۈچ ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ بارنى ئىشقا سېلىپ تەشكىللەشنى ۋايىغا يەتكۈزمىگەندە، پۇختىلىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەمەلىي ھېسابقا ئېلىنمىدىغىنى سان ئەمەس،

بەلكى سۈپەت. ھالبۇكى تەشكىللەش سۈپەتنىڭ بىرىنچى ئاملى ۋە جەۋھىرىدۇر.
ئىسلام ساھەسىدە خىزمەت قىلغۇچىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئىمانى ۋە پىكرى ئىقتىدارلىرىنى ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىنغىنىغا ئوخشاشلا، تەشكىللەش ئىقتىدارلىرىنى ئۆستۈرۈش ھەم تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلاردىن تەشكىللەش سەنئىتى، باشقۇرۇش سەنئىتى، پروگراممىا تۈزۈش ۋە ئارخىپ باشقۇرۇش سەنئىتى جەھەتلەردە ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بارلىق ۋاستە، نەزەرىيە ۋە تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:‹‹ھېكمەت (ئەقىل ـ پاراسەت) مۆئمىنىنىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر. ئۇنى قەيەردىن تاپسا، ئۇ شۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىقتۇر›› ‹‹ھېكمەتنىڭ قايسى قاچىدىن (يەنى مەنبەدىن) چىقىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار››

## تەنقىد ۋە ئۇنىڭ شەرئى ئاساسلىرى

ئىنسانلارنىڭ ئەقلى، ئىلمى ۋە ئىقتىدارى جەھەتلەردە پەرقلىق بولىشى ھېچكىشى مۇنازىرە قىلمايدىغان روشەن ھەقىقەتتۇر،شۇڭا ئۇلار ئارىسىدىكى قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى تەبىئىي ئىشتۇر.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن ئىسلام تارىخىنى ئوقۇپ كۆرگەن ھەر قانداق بىر كىشى شۇ بىر ھەقىقەتنى كۆپچىلىك ھېس قىلىدۇكى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئالىملار ۋە مۇجتەھىدلەرنىڭ مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدىكى ئىجتىھاتلىرى گەرچە شەرئەت دائىرىسىدىن، ئىسلامنىڭ رامكىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ بىر مەسىلە ئۈستىدىكى ھۆكۈملىرى ۋە قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغان.
يېقىندىن يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدىكى كۆز قاراش ۋە ئىجتىھاتلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى زامان تىلىدىكى ‹‹تەنقىد››، قۇرئان تىلىدىكى ‹‹ھەقنى تەۋسىيە قىلىشىش›› مەسىلىسى مەيدانغا كەلگەن.
ھەققە تەۋسىيە قىلىش (ياكى تەنقىد قىلىش) بىرەر شەخستىن ياكى جامائەتتىن، ياكى دۆلەتتىن ۋە ياكى ھۆكۈمرانلاردىن بىرەر ئەيىبنى ياكى قېيىپ كېتىشنى كۆرگەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى شەرئى ۋەزىپىدۇر.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ: « **سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدىغان، مەئرۇپقا بۇيرۇپ، مۇنكەردىن توسىدىغان بىر ئۇممەت (يەنى جامائەت) بولسۇن. ئەنە شۇلار نىجادلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.»**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« سىلەردىن كىمكى بىر مۇنكەرنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. مانا بۇ (قەلبدە نەپرەتلىنىش) ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزراقىدۇر». يەنە بىر رىۋايەتتە:« بۇنىڭدىن قالسا قىچىنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئىمان بولمايدۇ» دېيىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ:« ھەقىقەتتىن سۈكۈت قىلغۇچى كىشى تىلسىز شەيتاندۇر»

تارىختىكى ئىسلام ھەرىكىتى مۇشۇ ئاساستا داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى الله قا بولغان ساداقەت ۋە ئۆز ـ ئارا ھەققە تەۋسىيە قىلىش بۇنى قېيىپ كېتىشتىن ساقلاپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« مۆئمىن مۆئمىننىڭ قېرىندىشىدۇر. ھەر قانداق ئەھۋالدا قېرىندىشىغا بولغان نەسىھەتنى تەرك قىلمايدۇ»

ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن:« مۆئمىننىڭ ئۆز قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەقلىرى شۇكى: موھتاج بولغاندا ئۇنىڭغا ھەقنى بايان قىلىش، بېشىغا كۈن كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىش، ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇش، ئۇنتۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇش. ئېزىپ كەتسە، ئۇنى توغرىغا يېتەكلەش، خاتالاشسا، تۈزۈتۈپ قويۇش، ھەققانىيەت ئۈستىدە ھەمكارلىشىش، باتىلغا ھەمنەپەس بولماسلىق. مۆئمىن يېتەكچىدۇر ، يول باشلىغۇچىدۇر ۋە ئامانەتكە ۋاپا قىلغۇچىدۇر»

**تەنقىدنىڭ شەرتلىرى**

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئۆز ـ ئارا ھەققە تەۋسىيە قىلىشنى ۋاجىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭغا مۇئەييەن شەرتلەرنى بەلگىلەپ بەرگەن:

**1)راستچىللىق ئۈستىدە ئىزدىنىش:**

تەنقىد قىلماقچى بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز تەنقىد قىلىشتىن بۇرۇن، تەنقىد قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ راستلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىشى، ئىشلار ئېنىق بولىشى، جەمئىيەتتە تاراپ يۈرگەن خەۋەرلەر ۋە گەپ ـ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەمىلىيەتتە ھېچقانداق ئاساسى بولماسلىقى مۇمكىن .نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەر مەسئۇلىيەتسىز تىللاردىن يۆتكىلىش جەريانىدا كۆپتۈرىلىپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن :‹‹ سىنى راست سۆزلەيدۇ دەپ ئىشەنگەن قېرىنداشىڭغا يالغان گەپ قىلىشىڭ ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر›› پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن :‹‹ كىشىنىڭ ئاڭلىغانلا سۆزنى قىلىۋېرىشى ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر ››

شۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىد گۇمان ۋە شەك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلماسلىقى، بەلكى ئۇنىڭ روشەن پاكىت ۋە كەسكىن دەلىل بولىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :‹‹ سىلەر گۇماندىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمان بىلەن ئېيتىلغان سۆز ئەڭ يامان سۆزدۇر››(بۇخارى رىۋايىتى)

**2)تەنقىد قىلىشتىكى مەقسەت ئۈستىدە ئىزدىنىش**

تەنقىد قىلماقچى بولغان قېرىنداشىمىز تەنقىدكە ئۆزىنىڭ شەخسى غەرەزىنىڭ ئارىلىشىپ قىلىشىدىن ساقلىنىشى ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىش، ئۆچ ئېلىش، ياكى كەمسىتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش رەزىل مەقسەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەنقىد قىلىشتىكى مۇددىئا ئېنىق بولمىسا ياكى اللەنىڭ رازىلىقى ۋە ئىسلامنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا تەنقىد قىلماقچى ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنچە قىلالمىسا، ئۇ چاغدا ئۇ تەنقىد قىلىشتىن دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالسۇن. ‹‹ كىمكى پەرۋەردىگارىغا ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلسا، ئۇ ياخشى ئەمەلنى قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلغان ئىبادەتتە ھېچكىشىنى شېرىك قىلمىسۇن.( يەنى قىلغان ياخشى ئەملىدە پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىدىن باشقا نەرسە ئارىلىشىپ قالمىسۇن)››.

**3) ـ تەنقىد ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىش**

مۇسۇلمان قېرىنداشىمىز نەسىھەت قىلىشتا ئەڭ توغرا ئۇسۇلنى ۋە يېقىملىق ئىبارىلەرنى تاللىشى لازىم. چۈنكى ئۆز ـ ئارا ۋەسىيەت قىلىشنىڭ شەرتى چوقۇم ھەق بىلەن بولۇش، ھەرگىزمۇ باتىل يول بىلەن ئەمەس.

نەسىھەت قىلغۇچى قېرىنداشىمىز ئۆز قېرىنداشىغا ئۇ يالغۇز ئورۇندا نەسىھەت قىلسا ياخشى بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا نەسىھەتنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ ۋە شەيتاننىڭ ئارلىششىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ناھايىتى توغرا دېگەن:‹‹جامائەت ئارىسىدا قىلىنغان نەسىھەت نەسىھەت ئەمەس ،بەلكى قامچىلاشتۇر››.

نەسىھەت قىلغۇچى قېرىنداشىمىز نەسىھەتنى ئەدەپ بىلەن، ھايا بىلەن ۋە كۆيۈنۈش بىلەن قىلىشى، يېقىملىق سۆزلەرنى ۋە ئېسىل ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشى تېخىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى ئادەمنىڭ بىپەرۋالىقى بىلەن ئېيتىلغان بەزى سۆزلىرى نۇرغۇن ئۆچمەنلىكلەرنى ۋە ئاداۋەتلەرنى تۇغدۇرىشى، قېرىنداشلىق تۇتقۇسىنىڭ مەڭگۈلۈك

ئاجراپ كېتىشىگە سەۋەب بولىشى مۇمكىن . شۇڭا قېرىنداشلىرىمىز تېلىدىن تاسادىپىي، مەقسەتسىز چىقىپ كېتىدىغان بەزى سۆزلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەك : ‹‹بەندىنىڭ قەلبى دۇرۇس بولمىغىچە، ئۇنىڭ ئىمانى دۇرۇس بولمايدۇ، ئۇنىڭ تىلى دۇرۇس بولمىغىچە ئۇنىڭ قەلبى دۇرۇس بولمايدۇ›› (ئەھمەد رىۋايىتى)

نەسىھەت قىلغۇچى قېرىندىشىمىز يەنە بىر قېرىندىشىغا نەسىھەت قىلغاندا، مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان بولۇشنى ياخشى، ‹‹ئەگەر سەن قوپال ۋە دىلى قاتتىق بولساڭ ئىدى، ئەتراپىڭدىكى كىشىلەر سىنى تاشلاپ كېتىشكەن بولاتتى››

تەنقىد قىلىشتا ۋە نەسىھەت قىلىشتا قوپاللىق قىلىش بىلەن شەپقەتسىزلىك قىلىش كىشىلەرنىڭ قەلب ئىشىكلىرىنىڭ تاقىلىپ قىلىشىغا، قۇلاقلىرىنىڭ ئاڭلىماس بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ . ھالبۇكى مۇلايىملىق بىلەن مېھرىبانلىق نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش ۋە تەسىرلىنىش ئۈچۈن قەلب ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ شەرىئەت نەسىھەتنى يولغا قويۇشتا كۆزلىگەن نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى توغرا دەيدۇ:‹‹ شۈبھىسىزكى، الله قوپاللىق ۋە ئەخمىقانىلىققا قارىتا بەرمىگەن نەرسىنى مېھرىبانلىققا قارىتا بېرىدۇ .الله بىر بەندىنى دوست تۇتقاندا ئۇنىڭغا مېھرىبانلىقنى ئاتا قىلىدۇ›› (تىبرانى رىۋايىتى)

**4)ئەسلىيەتچىلىك ئۇستىدە ئىزدىنىش**

نەسىھەت قىلغۇچى قېرىندىشىمىز نەسىھەت قىلغاندا ئۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان شەرئى پاكىتلارنى كەلتۈرىشى لازىم. قېرىندىشى بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە چوقۇم ئەمەلىيەتچىل ۋە نورمال بولىشى، چەكتىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىش جېدەلگە ئايلىنىپ شەخسى ھېسسىيات بىلەن مجەز خارەكتىرلەر ئوستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، شەيتانغا سورۇن ھازىرلىنىپ قىلىشى، نەتىجىدە الله يولىدىكى يېقىنلىق ۋە قېرىنداشلىق رىشتىلىرى ئۈزۈلۈپ، چوڭ ئاپەت يۈز بېرىشى مۇمكىن. الله ھەممىمىزنى بۇنىڭدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! قۇرئانى كەرىم بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن :‹‹سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان شەيئىلەردە ھۆكۈم قىلىش اللهقا مەنسۇپتۇر.››

**5)كەڭ قورساقلىق**

ئاخىردا نەسىھەت قىلغۇچى ۋە نەسىھەت قىلىنغۇچى قېرىنداشلىرىمىزگە قويۇلىدىغان تەلەپ شۇكى، ھەقىقەتنى ئىزدەش ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى

ئاستىدا، ئۆزلىرىدە سەۋرچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى يېتىلدۈرىشى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆزلىگىنى اللەنىڭ رازىلىقى بولىشى،ھەرگىزمۇ يەنە بىر تەرەپنى يېڭىش ۋە ئۈستۈنلۈك قازىنىش بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ھەممەيلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىياللاھۇ ئەنھۇ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان مۇنۇ سۆزنى ئەسلىرىدە تۇتسۇن:«ئادەملەر ئىچىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان كىشى ماڭا ئەيىبىمنى كۆرسىتىپ قويغان كىشىدۇر».

## تەشكىلىي يىغىلىشلارنى قانداق ئىدارە قىلىمىز

بەزى كىشىلەر بىزنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تىمىلارنى ئۆگىنىشكە ۋە مۇلاھىزىگە سۇنغىنىمىزنى ئەيىبلىشى مۇمكىن.ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئىككىلەمچى ۋە ھەممە ئادەم بىلىدىغان روشەن مەسىلە، ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇنچە تىرىشىپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن تەشكىلىي ئىشلارنى ئاددىي سانايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قارىشىغا قەتئىي قوشۇلمايمەن. چۈنكى ھەر قانداق ئىش قانچىلىك ئاددىي بولىشىدىن قەتئىينەزەر، پۇختىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلمىسە، ئۇنىڭ پايدىلىق ۋە مۇۋەپپىقىيەتلىك بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىز ھازىر يېڭىلىقلار زامان بىلەن مۇسابىقىلىشىۋاتقان بىر دەۋردە تۇرىۋاتىمىز. ھالبۇكى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئىنتايىن ئېنىچكىلىك بىلەن پىلان تۈزىۋاتىدۇ. پىلان تۈزۈش جەھەتتىكى قالاقلىق، تەشكىللەشتە قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈش ۋە چۈشەنچە جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقتىن، كۈچلەرنى پارچىلاشتىن، ۋە ۋاقىتنى زايە قىلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، جامائەت ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەش ئالدى بىلەن شۇ جامائەتنىڭ كىچىك يىغىلىشلىرىنى تەشكىللەشتىن ۋە يىغىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى پۇختا بىر تەرەپ قىلىشتىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدەك جامائەت خىزمەتلىرىدىكى مەغلۇبىيەتمۇ شۇ جامائەتنىڭ يىغىنىنى تەشكىللەش جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى باشلىنىش ياخشى بولسا، كېيىنكى ئىشلار تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەمما باشلىنىش قالايمىقان ۋە ناچار بولسا، كېيىنكى ئىشلارمۇ قالايمىقان ۋە ناچار بولىدۇ.

تەشكىلىي يىغىنلارنى ھەقىقەتەن، جامائەت ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت ئاچقۇچى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.مانا بۇ تەشكىلىي يىغىنلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك

بولىشى ئۈچۈن بىر قانچە جەھەتتىكى ئامىللارنىڭ تولۇق ئىشقا ئاشۇرلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

**1)يېغىلىش ۋاقتىغا رىئايە قىلىش**

شۈبھىسىزكى، يېغىننىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىكى بىرىنچى ئامىل يېغىننىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتىتىن ھەتتا بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ كېچىكىشتۇر. مىنۇتنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەقىل سائەتنىمۇ ھەم كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن . زامان دەقىقىلىرىگە رىئايە قىلمىغان ئەقىل شەرىئەت دەقىقىلىرىگىمۇ ئەھمىيەت بەرمەسلىكى ھەتتا ئۇنىڭغا كۆنۈپ كېتىشى مۇمكىن .

ۋاقىت شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدە، شۇنداقلا ئەنئەنە چۈشەنچىسىدە ئەھدىگە ۋە ۋەدىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى چوقۇم مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىق لازىم. **‹‹(قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۇستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسلەر.›› (ئىسرا34 ـ ئايەت)**

**‹‹ ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر ) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.››( مۆئمىنۇن8 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:‹‹ مۇناپىق گەپ قىلسا، يالغان گەپ قىلىدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ ۋە ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ››.

**2 ـ يېغىندىكى رەھمانىيلىق**

ھەقىقەتەن يېغىندىكى رەھمانى (ئىلاھى)تۇسىنىڭ قويۇق بولىشىغا ھېرىسمەن بولۇش شەك ـ شۈبھىسىزكى، يېغىنغا الله نىڭ بەرىكىتىنى ۋە مۇۋەپپىقىيىتىنى زىيادە قىلىدۇ.

يېغىندىكى رەھمانى كەيپىياتنىڭ سۈسلىقى بولسا، يېغىننى شەيتاننىڭ ئالقىنىدا قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يېغىن ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن يېغىن ئەھلى پۈتۈن زېھنىلىرىنى يېغىنغا مەركەزلەشتۈرىشى كېرەك .

يېغىننى ‹‹اعوذ بالله من الشيطان الرجيم›› بىلەن، قۇرئاندىن مەلۇم ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ھەمدە الله قا يېلىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش بىلەن باشلاش چوقۇمكى، بۇ يېغىننى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۇرىدۇ. بۇ يېغىنغا الله نىڭ رەھمىتى چۈشۈپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر بۇ يېغىننى قورشاۋغا ئېلىپ تۇرىدۇ ۋە يېغىن ئەھلىنى الله

ئۆز يېنىدىكى جامائە (پەرىشتىلەر) بىلە ئەسلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى ھەرگىز مۇنداقلا دېيىلگەن سۆز ئەمەس:« شۈبھىسىزكى، اللە نىڭ نامى بىلەن باشلانمىغان ھەر قانداق ئىش ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ.»

**3 ـ مۇنازىرىنىڭ ئەمىلىيەتچىللىكى**

مۇنازىرە ئوبىكتىپچانلىقنىڭ يۇقىرى بولىشى، ئەمەلىيەتچىللىكنىڭ كۈچلۈك بولىشى ھېسىياتچانلىق ۋە ھاياجانلىنىشتىن يىراق بولۇش قاتارلىقلار يىغىننىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولىشىغا ۋە مۇنازىرىنىڭ تەسىرلىك بولىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئامىللاردۇر. بۇ بىرقانچە ئىشلارغا دىققەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلەيدۇ:

**1**)يىغىننىڭ بېشىدا، يىغىننىڭ مۇھاكىمە قىلماقچى ۋە مۇنازىرە قىلماقچى بولغان تېمىلارنىڭ جەدۋىلىنى تۈرغۇزۇلىش.

**2**)بىر تېما ھەققىدە ئاخىرقى قارار چىقىرىلماي تۇرۇپ باشقا تېمىلارغا يۆتكىلىپ كەتمەسلىك.

**3**)زۆرۈر بولمىسا، ئاخىرلىشىپ بولغا تېمىنى قايتا تەكرارلىماسلىق.

**4**)ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل تەييارلىقى بولمىغان تېمىلارنى مۇنازىرىگە قويۇشنى ئارقىغا كىچىكتۈرۈش.

**5**)بولۇپمۇ مۇھىم تېمىلارنى ئوتتۇرغا قويغاندا، ھەر بىر كۆز قاراشلىرىنى ئالدىن يېزىۋىلىپ، شۇ يازمىلارنى سۇنۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش.

**6**) ئەزالارنىڭ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىۋىلىشى ۋە مۇلاھىزە قىلىۋېلىشلىرى ئۈچۈن، يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان تېمىلارنى قەغەزگە يېزىپ،يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئەزالارغا تارقىتىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش.

**4 ـ مۇنازىرىنىڭ ئىدىيە ـ قائىدىسى**

يىغىندا ئوتتۇرغا قويۇلىدىغان تېمىلارنى ساغلام قاراشلار بىلەن بېيىتىش، ئۇنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئاخىرىدا بىرلىككە كەلگەن قارارنى چىقىرىش ئۈچۈن مۇنازىرە ئېلىپ بارغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە ئامىلغا دىققەت قىلىشى لازىم:

**1**)باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى كەمسىتىدىغان ۋە مەسخىرە قىلىدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش، ئەگەر باشقىلارنى رەنجىتىدىغان سۆز بولۇپ قالسا، دەرھال ئۆزرە ئېيتىش.

2)قانچىلىك خاتا قاراش بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئوتتۇرغا قويۇلغان قاراشلارنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش، پىكىر بايان قىلغۇچىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتمەسلىك.

3)شەخسنى تالاش تارتىش قىلىش ۋە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى يېڭىش ئالامەتلىرىدىن ساقلىنىش.

4)ئىمكان بار ئاۋازنى پەس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نەزەرگە ئىلىش.

5)ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرىۋالماسلىق، ھەممەيلەن كەمتەر بولۇش، ئىلغارراق بولغان قاراشلار ئۈچۈن ئۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىشكە ئىدىيە تەييارلىقى بولۇش.

6)يېغىن ۋە مۇنازىرىنى كۆز قىسىش، مەسخىرە قىلىش، غەيۋەت قىلىش، چېقىمچىلىق قىلىش ۋە ئوتتۇرۇقلۇق قىلىشقا ئوخشاش رەزىل سۈپەتلەردىن ساپلاشتۇرۇش.

يۇقىرىدىكى ئامىللارغا تولۇق ئەمەل قىلىنسا، ئۇ چاغدا يېغىن ئۈنۈملۈك ۋە مېۋىلىك بولىدۇ. يېغىن كەيپىياتى بېشارەت ۋە ئۈمىدلەر بىلەن تويۇنغان بولىدۇ. ئەمما ئۇنداق بولمىسا، ئۇ يېغىن شۇملۇقنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. الله قا سېغىنىپ مەلئۇن شەيتانىنىڭ شەررىدىن پانا تىلەيمىز.

## ھەر كۈنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرى

دەۋەتچى قېرىنداشىمىزنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ قەلبىنى ۋە روھىنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىش ۋە ساپلاشتۇرۇشتۇر. ئۇ ئۆز قەلبىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئىلىشقا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى لازىم. چۈنكى ئادەمنىڭ نەپسى خاھىشى يامان ئىشلارغا كۆپ ئۈندەيدۇ. شەيتانىنىڭ ئادەم قەلبىگە كىرىدىغان يوللىرى ھېسابسىز كۆپتۇر. «ئۆز نەپسىنى باشقۇرغان ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلغان ئادەم ئەقىللىق كىشىدۇر.ھاۋايى ـ نەپسىگە ئەگەشكەن ۋە اللەتىن قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ياخشىلىق ئۈمىد قىلغان ئادەم ئاجىز ۋە ئەقىلسىز ئادەمدۇر» ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇشۇ مەزمۇندا مۇنداق بىر ۋەسىيتى بار:«اللەنىڭ ئالدىغا ھېسابقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار، اللەنىڭ مىزانىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارنى ئۆلچەپ بېقىڭلار ۋە قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ ھېساب ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار».

دەۋەتچى ئۆز ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان جاھىلىيەتنىڭ بېسىملىرى ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇ جەمئىيەتتە غېرىبلىقنى ۋە ئەتراپتىكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى يەكلىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ

مەقستى ئادەمنى ئازدۇرۇش، ئالداش، ئۇلۇغۋار قىممەتلەرنى ۋە ئالى نەمۇنىلەرنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىش، ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئەخلاقلارنى دەپسەندە قىلىش، ۋە جەمئىيەتتە رەزىللىكنى، پاھىشە ئىشلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ الله رازى بولىدىغان يولنى داۋاملاشتۇرۇش، جاھىلىيەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ۋە جاھىلىيەتنىڭ زەربىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولىشى ئۈچۈن، ئاشۇ جاھىلىيەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاتتىق ساقلىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

دەۋەتچى قېرىنداشلار ئۆز تۇرمۇشلىرىدا بۇ مەسىلىگە جىددىي مۇئامىلە قىلالمىسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى مەزمۇنسىز، قۇرۇق دەۋاغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇ جەھەتتىن دەۋەتچى قېرىنداشلار مەيلى يېڭىدىن قەدەم قويغان ئەزالار بولسۇن، مەيلى مەشھۇر دەۋەتچىلەر بولسۇن، مەيلى رەھبەر ۋە مەسئۇللار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم شۇكى ئۇلار ھەر كۈنى ئۆزلىرىدىن ھېساب ئىلىش ۋە ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت تۇرغۇزىشى كېرەك . مېنىڭ تەلىپىم ئۇلار ئۆزلىرىدىن ھېساب ئېلىشتا تۆۋەندىكى ئىشلاردىن ھساپ ئالسۇن ۋە بۇنى ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرسۇن:

كېچىدە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش قولدىن بىرىشكە بولمايدىغان روھى مەكتەپتۇر ۋە ئىمانى ئېنىرگىيىنىڭ تەگدىشى يوق مەنبەسىدۇر. مانا بۇ اللهنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ سىرىدۇر:‹‹ **شۇبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ.›› ‏**(مۇزەممىل 6 ـ ئايەت) شۇنداق ئىكەن ئۇنداقتا سەن ئۆتكەن كېچىنىڭ مەلۇم قىسمىدا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن خالىسانە ئىبادەتلەرنى قىلالىدىڭمۇ؟ ياكى الله كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە چۈشكەن سائەتلەردە سەن غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمدۈڭمۇ؟! الله كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچدىن بىرىدە يېقىنقى ئاسمانغا چۈشۈپ:‹‹ مەندىن گۇناھىنى تىلەيدىغانلار بارمۇ؟ مەن ئۇلارنى كەچۈرىمەن. ماڭا دۇئا قىلغۇچىلار بارمۇ؟ مەن ئۇنى ئىجابەت قىلىمەن. مەندىن سورايدىغانلار بارمۇ؟ تىلىگىنىنى بىرىمەن.›› دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن كيىن ئى قېرىندىشىم، الله تۆۋەندىكى ئايەتلەردە سۈپەتلىگەن كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سەن قەيەردە؟! ‹‹**(ئۇلار كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن )**

**ياتقان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.»،  «ئۇلار كېچىدە ئاز ئۇخلايدۇ» «(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن (ياخشىمۇ؟). ئېيتقىنكى،بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ.»**

تىبرانىنىڭ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كېچىدە تۇرۇشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى كېچىدە تۇرۇش سىلەردىن بۇرۇنقى سالىھ كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر.پەرۋەردىگارىڭلارغا يېقىنلاشتۇرغۇچىدۇر. گۇناھلىرىڭلارنى ئۆچۈرگۈچىدۇر.گۇناھتىن توسقۇچىدۇر ۋە بەدەندىن كېسەلنى قوغلىغۇچىدۇر.»

**2**)قېرىنداشىم،سىز بىلەمسىزكىن؟ اللەنىڭ بىزنى مۇھاپىزەت ۋە نازارەت قىلىش ئۈچۈن  كېچە بىلەن كۈندۈزدە نۆۋەت ئالمىشىدىغان پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا بىر يەرگە جەم بولىدۇ. ئاندىن ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. الله بىلىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن سورايدۇ:بەزى بەندىلىرىمنى قايسى ھالەتتە قالدۇرۇپ كەلدىڭلار؟ پەرىشتىلەر جاۋاب بىرىدۇ: بىز ئۇلارنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە قالدۇرۇپ كەلدۇق. بىز بارغاندىمۇ ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن. قېرىنداشىم، سىز بامدات نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن، ئوقۇدىڭىزمۇ؟ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە دېگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بولالىدىڭىزمۇ؟ «كىمكى بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ اللەنىڭ كاپالىتىدە بولىدۇ. ئى ئادەم بالىسى، ئويلاپ كۆر، الله ئۆزى كاپالەتلىك قىلغان ئىشتا سەندىن ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمايدۇ.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى بامدات نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىدۇر،ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى پەزىلەتلەرنى بىلسە ئىدى. ئۇنىڭغا ئىمىلەكلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى. مەن نامازغا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇپ، ئورنۇمدا بىر ئادەمنى ناماز باشلاپ ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇسام، ئاندىن ئوتۇن كۆتۈرگەن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئەگەشتۇرۇپ نامازغا كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويىۋېتىشنىمۇ ئويلاپ قالدىم».

**3**)قېرىنداشىم، سىز بىلىشىڭىز كېرەككى ، سىزنىڭ قەلبىڭىز قۇرئاننىڭ شېرىن بۇلىقىغا تەشنادۇر. قۇرئان سىزنىڭ قەلبىڭىزگە خاتىرجەملىك، كەسكىنلىك بېغىشلايدۇ.

قەلبىڭىزنى سۈزۈك ۋە ئۆتكۈر قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، پەقەت مۆئمىنلارنىڭلا جانلىق، سۈزۈك ۋە ئۆتكۈر قەلبلىرى بولىدۇ.«**اللە تىلغا ئېلىنغاندا قەلبلىرى ئەيمىنىپ كېتىدىغان كىشلەرلا ھەقىقى مۆئمىنلەردۇر**»

ئۇنداقتا سىز بامدات نامىزىدىن كيىن قۇرئانى كەرىمدىن مەلۇم ۋەزىپەنى ئوقۇيالىدىڭىزمۇ؟ خالىي يەردە اللە نى ياد ئېتىپ، اللەقا يېلىنىپ كۆزىڭىزدىن ياش ئاقتىمۇ؟ ياكى سىز زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن دىللىرى تاشتەك قېتىپ كەتكەن كىشلەردىن بوپقالدىڭىزمۇ؟

قېرىنىدىشىم، سىز اللە تەئالانىڭ:«**بامداتتا (ئوقۇلغان) قۇرئانغا ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ.**» دېگەن سۆزىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قورسىقىدا قۇرئاندىن بىرەر نەرسە بولمىغان كىشى ھەقىقەتەن خاراب بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ:«كىمكى قۇرئاننى ئوقۇسا، نەبۇۋۋەت ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن بولىدۇ. پەرقى شۇكى، ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىنمايدۇ. قۇرئاننى بىلگەن كىشىگە قورسىقىدا اللەنىڭ كالامى بار تۇرۇپ غەزەپ قىلغۇچى بىلەن تەڭ غەزەپ قىلىشى، نادانلار بىلەن تەڭ نادانلىق قىلىشى لايىق بولمايدۇ» (ھاكىم رىۋايىتى)

**4)**سىز تاماق داستىخانىدا ئولتۇرغىنىڭىزدا، تاماق يېيىشىڭىزدىكى مەقسەت ـ نىشان توغرۇلۇق ئازراق پىكىر قىلدىڭىزمۇ؟ اللەغا شۈكرى ئېيتىشىڭىز، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭىز ئۈچۈن كۈچ ۋە ئوزۇق بولسۇن ئۈچۈن ۋە اللە يولىدا جىھاد قىلىشتا سىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت تولۇقلاش ئۈچۈن، سىزگە ھازىرلاپ بېرىلگەن مۇشۇ نازۇ ـ نېئمەتلەر ھەققىدە پىكىر قىلدىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭدىن كيىن، مۇشۇ يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ھالال ـ پاك نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھارام ۋە پاسكىنا نەرسىلەردىن ئۆزىڭىزنى پاك تۇتتىڭىزمۇ؟

**5)**سەن ئۆيۈڭدىن چىققىنىڭدا، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئىسلام ئەمەلىنىڭ دىنى، ھەرگىزمۇ ھورۇنلۇقنىڭ دىنى ئەمەس.ئىسلام تىرىشچانلىقنىڭ دىنى، ھەرگىزمۇ بىكارچىلىق ۋە ئىشسىزلىقنىڭ دىنى ئەمەس.سەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن زېمىندا ھەرىكەت قىلىپ، مەيلى تىجارەت بىلەن،مەيلى خىزمەت بىلەن ۋە مەيلى ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن بولسۇن اللەنىڭ پەزلى ـ نېئمەتلىرىنى ئىزدىشىڭىز سىزنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتىڭىزدۇر. شۇنداق ئىكەن، سىز بۇگۈن شۇ مەجبۇرىيەتلىرىڭىزنى ئادا

قىلدىڭىزمۇ؟ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى پۇختا ۋە ئىخلاس بىلەن قىلدىڭىزمۇ؟ «الله سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئىش قىلغاندا پۇختا قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ»ئۇنىڭدىن كېيىن، سىز كەمبەغەللەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە ھاجەتمەنلەرگە نەفقە بېرىش ئارقىلىق مېلىڭىزنى پاكلىدىڭىزمۇ؟ سىزگە پەرز قىلىنغان زاكاتنى ۋاقتىدا ئادا قىلىپ شۇكرى قىلغۇچىلاردىن بولالىدىڭىزمۇ؟

بۇخارىنىڭ مىقداد ئىبنى يەركەبدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن :«ھېچقانداق بەندە ئۆز قولى بىلەن كەسىپ قىلىپ يېگەن تاماقتىن ياخشى تاماقنى يېيەلمەيدۇ. اللەنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيهىسسالام ئۆز قولى بىلەن كەسىپ قىلىپ يەيتتى».

**6)**سىز ماڭغان كوچىلاردا ۋە ئارىلىشىپ ئۆتكەن جەمئىيەتتە ھەر ۋاقىت الله مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇدا بولالىدىڭىزمۇ؟

كۆزىڭىز نامەھرەملەرگە چۈشۈپ قالغاندا، بىرىنچى قېتىم قاراشقا رۇخسەت ئىككىنچى قېتىملىقى ھارام دېگەن تونۇش بىلە ھەمدە نامەھرەملەرگە سېلىنغان نەزەر ئىبلىسنىڭ ئوقلىرىدىن بىر ئوق دېگەن ئەقىدە بىلەن كۆزىڭىزنى دەرھال يۇمۇۋېلىپ، الله قا ئىستىغپار ئېيتالىدىڭىزمۇ؟

— يۈز ئابرۇيلۇق،گۈزەل ئايالدىن بىرى سىزنى ئۆزىگە چاقىرغاندا، سىز ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ: مەن الله دىن قورقىمەن، دېيەلىدىڭىزمۇ؟ ئاندىن ئۆز ئېچىڭىزدە: «پەرۋەردىگارىم، بۇ ئاياللارنىڭ مېنى دەۋەت قىلغان (ئىشنى قىلىشتىن) زىنداندا يېتىش مەن ئۈچۈن ئەۋزەلدۇر. ئەگەر سەن بۇ ئاياللارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى مەندىن قايتۇرمىساڭ، مەن ئۇلارغا مايىل بولىمەن ـ دە ،جاھىللاردىن بولۇپ قالىمەن»دەپ پىچىرلىيالىدىڭىزمۇ؟

— سىز قىلغان تىجارىتىڭىزدە ئاز بولسىمۇ ھالال رىزىق ئىزدىدىڭىزمۇ؟

— سىز شەرىئەتكە خىلاپ دەپ قارىغان بىرەر ئىش سىزدىن سادىر بولدىمۇ يوق؟

سىز ھەر قانداق ئىشىڭىزدا الله مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇدا بولدىڭىزمۇ؟ ۋە ھەممە ئىشىڭىزنى ئىسلام تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچىدىڭىزمۇ؟ شۈبهىلىك ئىشلاردىن پەرھىز قىلدىڭىزمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كۆزدە تۇتقان تەقۋادارلاردىن بولالىدىڭىزمۇ؟ «بەندە گۇناھلىق ئىشلارغا چۈشۈپ قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردىنمۇ ساقلانمىغۇچە تەقۋادارلاردىن بولالمايدۇ»

**7)**ئەمدى سىز ئۆزىڭىزدىن خىزمەت جەريانىڭىزدا ئىسلامنىڭ سىزدىن قانچىلىك

پايدىغا ئېرىشەلىگەنلىكىنى سوراپ كۆرۈڭ. سىزنىڭ خىزمەتداشلىرىڭىز سىزنىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن ئىسلامى تەسىرىڭىزنى ھېس قىلالامدۇ؟ سىز ئۇلار بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنى ئىسلامى پىكىرگە، ئىسلامى ھەرىكەتكە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە بېرىپ زىيارەت قىلدىڭىزمۇ؟

ھەممە ساھەدە خىزمەت قىلىشىڭىز، ھەممە ئورۇندا ئىسلامى ئىز قالدۇرىشىڭىز سىزنىڭ بۇرچىڭىزدۇر. سىز دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئەستىن چىقارماڭ: ‹‹اللەنىڭ سەن ئارقىلىق بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشى، سەن ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا ۋە دۇنيا ئىچىدىكى نېئمەتلەردىن ياخشىدۇر››.

قېرىندىشىم، خىزمەتتىن سىرت سىزنىڭ يەنە خېلى كۆپ ۋاقتىڭىز بار، دەۋەت ئۈچۈن بىر قىسىم ۋاقتىڭىزنى تولۇق سەرپ قىلىشىڭىز سىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىڭىزدۇر. ۋاقىت پىچاققا ئوخشايدۇ، سىز ئۇنى كەسمىسىڭىز، ئۇ سىزنى كېسىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق ۋەسىيەتلىرى بار: ‹‹سېنىڭ بىر ھەق گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنى يەنە بىر قېرىندىشىڭغا سۆزلەپ ئۆگەتكىنىڭ اللەنىڭ ساڭا بەرگەن ئەڭ كاتتا ئاتاسىدۇر››

مۇسلىمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :‹‹كىمكى بىر توغرا يولغا دەۋەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاشۇ يولغا ئەگەشكۈچىلەر ھەممىسىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ. ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. كىمكى بىر زالالەتكە دەۋەت قىلسا، ئۇنىڭغا شۇ زالالەتكە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھىغا ئوخشاش گۇناھ بولىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتمەيدۇ››.

**8)** ئۇنىڭدىن كېيىن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىسلامى ساقاپەت ۋە ئومۇمىي ساقاپەت سەۋىيىڭىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت ئاجراتقانلىقىڭىزنى سوراپ كۆرۈڭ. چۈنكى سىز كۆپ خىل ساقاپەت، كۆپ خىل ئېقىم، كۆپ خىل پىكىر ۋە كۆپ خىل چۈشەنچىلەر تەڭ مەۋجۇد بولغان جەمئىيەتتە ياشاۋاتىسىز. بۇ ھال سىزنىڭ تەھلىل يۈرگۈزۈش، دىئاگنوز قويۇش، مۇھاكىمە قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولىشىڭىز ئۈچۈن، ئەتراپىڭىزدىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلەر ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولىشىڭىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇنداقتا سىز بۈگۈن بىر كۈن داۋامىدا ئىسلام ھەققىدە بىرەر ماتېرىيال كۆردىڭىزمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ پىكرى سىياسىي جەھەتتىكى ئومۇمىي ساقافەت سەۋىيىڭىزنى

ئۈستۈرىدىغان بىرەر نەرسە ئوقۇدىڭىزمۇ؟

ئىبنى ئابدۇلبىرنىڭ «ئىلىم» ناملىق كىتاۋىدا مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :«ئىلىم ئۆگىنىڭلار، چۈنكى، ئىلىمنى الله ئۈچۈن ئۆگىنىش ، اللەدىن قورقانلىقتۇر. ئۇنى تەلەپ قىلىش ئىبادەتتۇر. ئۇنى مۇزاكىرە قىلىش تەسبىھتۇر. ئۇ ھەققىدە ئىزدىنىش جىھادتۇر. ئۇنى بىلمەيدىغانلارغا ئۆگىتىش سەدىقەدۇر. ئۇنى ئۆز ئەھلىگە سەرپ قىلىش اللەقا يېقىنلىششتۇر. چۈنكى ئۇ ھالال بىلەن ھارامنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگىدۇر. ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ يوللىرىدىكى ماياكتۇر. ئۇ زېرىككەندە سىرداشتۇر. مۇساپىرچىلىقتا ھەمراھتۇر. يالغۇز ماڭغاندا مۇڭداشتۇر. باشقا ياخشى ۋە يامان كۈن كەلگەندە يول كۆرسەتكۈچىدۇر. دۈشمەنلەرگە قارشى قورالدۇر. دوستلار ئالدىدا زىننەتتۇر. الله ئۇنىڭ بىلەن بىر قەۋمنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ياخشىلىققا رەھبەر ۋە يېتەكچىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىزىغا ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغىنىغا ئەگىشىدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىدۇ.....»

ئەمدى سىز ئۆزىڭىزدىن الله يولىدا قۇربان بېرىش ئۈچۈن روھى جەھەتتە قانچىلىك تەييارلىقىڭىز بارلىقىنى سوراپ كۆرۈڭ. چۈنكى ئاز بولمىغان يۈكلەر سىزنى پانىي دۇنيانىڭ پۈچەك نەرسىلىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا سىز ئاشۇ يۈكلەردىن يېنىكلەشكە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد بولۇشقا ئورۇنۇپ كۆردىڭىزمۇ؟

ـــ ئۆلۈمدىن قورقۇش بىر يۈك، ئۇ سىزنى الله يولىدا جىھاد قىلىشتىن توسىدۇ. سىز ئۇنىڭدىن ئازاد بولىشىڭىز كېرەك .

ـــ ماددىي مەنپەئەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشىدىن قورقۇش بىر يۈكتۇر. ئۇ سىزنى ئۆزىڭىزنى دەۋەتكە ۋە ئىسلامغا بېغىشلىشىڭىزدىن توسىدۇ. شۇڭا بۇ يۈكتىن قۇتۇلىشىڭىز كېرەك .

ـــ خوتۇنغا، بالىغا، ئائىلىگە ۋە ئۇرۇق تۇغقانلارغا باغلىنىپ قېلىش بىر يۈكتۇر. بۇ سىزنى دادىل ھەرىكەت قىلىشتىن توسىدۇ. شۇڭا بۇ يۈكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىڭىز كېرەك .

شۈبھىسىزكى،ھەر قانداق ئەھۋالدا ئىسلامنىڭ مەنپەئەتىنى بارلىق مەنپەئەتلەرنىڭ ئۈستىگە قويىشىڭىز، ئۆز خاھىشلىرىڭىزنى شەرىئەتكە بويسۇندۇرىشىڭىز ۋە ھەر ۋاقىت، ھەر زامان الله يولىدىكى ئۆلۈمگە تەييار تۇرىشىڭىز سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىكى زور ۋاجىپتۇر.

بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

قىلىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :‹‹بىلىڭلاركى،جەننەت شەك ـ شۈبھىسىز قىلىچلارنىڭ سايىلىرى ئاستىدىدۇر››

سەھىھ مۇسلىمدا ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ:‹‹دۈشمەنلەر (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە، (قورال) كۈچى ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار..بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ يەردىكى كۈچ ـ ئوق ئېتىشتۇر. شۈبھىسىزكى كۈچ ـ ئوق ئېتىشتۇر. شۈبھىسىزكى كۈچ ـ ئوق ئېتىشتۇر.››

تىرمىزىنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :‹‹كىمكى جىھاد ئىزى قالدۇرماستىن الله بىلەن ئۇچراشسا ئۇ اللەغا ئۆزىدە كەمتۈكلۈك بولغان ھالەتتە مۇلاقات بولىدۇ››

**10**)ئاخىرىدا سىز بەدىنىڭىز ۋە بەدىنىڭىزنىڭ سىزدىكى ھەققى ئۈستىدە پىكىر قىلدىڭىزمۇ؟ بەدىنىڭىزنىڭ ئۇزۇن سەپەرنىڭ ۋە ئاچچىق جىھادنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە قادىر، باتۇر ، كۈچلۈك بولىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى ھازىرلىغان ياكى ھازىرلىمىغانلىقىڭىز ھەققىدە ئويلاندىڭىزمۇ؟ كۈچلۈك مۆئمىننىڭ ئاجىز مۆئمىنگە قارىغاندا الله غا تېخىمۇ سۆيۈملۈكرەك ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك.

ـ سىز بۇگۈن ئەتىگەن مۇنتىزىم بولغان قىسمەن بەدەن چېنىقتۇرىشنى ئېلىپ باردىڭىزمۇ؟.

ـ سىز ئوق ئېتىش،سۇ ئۈزۈش،ئات مىنىش،ۋېلىسىپىت ۋە مۇتۇسىكىلىت مىنىش،ماشىنا ھەيدەش ۋە مېڭىش قاتارلىقلاردىن مەلۇم بىر قىسمىنى مەشىق قىلدىڭىزمۇ؟

ـ بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە چارچىتىدىغان ھەممە نەرسىسىدىن ساقلىنىشقا تىرىشتىڭىزمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇسىزلىق ۋە يېمەك ـ ئىچمەكتە نورمال ھالەتنى ساقلىدىڭىزمۇ؟ قېرىندىشىم،ئۆزىڭىزنى ئىسلام مەيدانىدا جەڭچى دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان بارچە مەزمۇنلارنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان بىر مۇنەۋۋەر جەڭچى بولۇشقا لاياقەتلىك قىلىپ يېتىشتۇرۇش سىزنىڭ مۇھىم بۇرچىڭىزدۇر.

الله سالىھ كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ .الله ھەممىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلسۇن.